
سىياسىي. قانۇن. جەمئىيەت. ئىدىيە. ئەخلاق.

ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئاخبارات ژۇرنىلى

平安



يوشۇرۇنۇش

شەرتلىك بەلگە: تاشقى ئوپېراتسىيە

دوزاقنى كۆتۈش

12 گاچا قانىل

# ئامانلىق

8

1997


ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى سىياسىي - قانۇن كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى نەشىر قىلدى

# ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئالغا بېسىۋاتقان جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى



جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تۈرلۈك كەسىپلەردە شىنجاڭ بويىچە ئاپپارات تورى بولۇپ شەكىللەندى، ھەمدە دۇنيادىكى 172 دۆلەت ۋە رايوندىكى 1517دىن ئارتۇق بانكىنىڭ 2411 شۆبىسى بىلەن ۋەكالەتلىك مۇناسىۋەتتى ئورناتتى. ھەر خىل تۈردىكى تاشقى پېرېۋوت، خەلق پۇلى ئامانىتى، قەرز پۇل بېرىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش، دائىملىق تۈرلەردىكى پېرېۋوتنى بوغۇش، چاكچىلىك ئىناۋەتلىك كارتوچكىسى تارقىتىش، ھاۋالە مەبلىغى سېلىش، تولۇقلىما سودا، ئۇچۇر مەسلىھەتى بېرىش كېپىللىك قىلىش، يۇرۇشلۇق مەبلىغى، زايوم بىلىتىنى ۋەكالەتەن تارقىتىش قاتارلىق ھەر خىل پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ئومۇمىيۈزلۈك بېجىرىپ، ئەلا مۇلازىمەت قىلىپ، چەت ئەل مەبلىغىنى توپلاش ۋە پۇل مۇئامىلە پائالىيىتى جەريانىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى «ئىناۋەت بىرىنچى، خېرىدار ھەممىدىن ئەلا، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش، دۆلەتكە تاشقى پېرېۋوت ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت مەقسەتتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق پۇلى ۋە تاشقى پېرېۋوت ئامانىتىنى يىلمۇ - يىل ئاشۇردى، مەبلەغ ئەمەلىي كۈچىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا ۋە ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئاساسىي كەسىپلەرنىڭ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن بانكىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ قالدۇق سوممىسى ئالتە مىليارت 300 مىليون يۈەندىن، ئىناۋەتلىك كارتوچكا تارقىتىش مىقدارى 9000دىن، جەلپ قىلىنغان ئامانەتنىڭ قالدۇق










سوممىسى 500 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىدىكى جۇڭگو بانكىسى شۆبىسى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. بۇ بانكا قۇرۇلغاندىن بۇيان خەلق پۇلى بويىچە تارقىتىلغان تۈرلۈك قەرز 25مىليارت يۈەندىن ئاشتى، تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت بويىچە قەرز بېرىش (جۇملىدىن ئۈچ تۈرلۈك قەرز بېرىش) ئىككى مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك مەدەت بەردى.

# ئارمىيە بىلەن يەرلىك ھەمكارلىشىپ دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى

ئابلەت ئابدۇرېشىت

دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبى. دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش كەلگۈسىدىكى يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن ئۇرۇشلارنى چەكلەش رولى ۋە بۇ ئۇرۇشتا غەلبە قىلىش رولىنى ئوينايلا قالماي، بەلكى چېگرا مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەشتە، مۇقىملىقنى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى قوغداشتا مۇھىم كاپالەتلىك رولىغا ئىگە.

دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىكى مۇھىم ستراتېگىيىلىك مەسىلە بولۇپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ھاياتىغا ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەت بىلەن ماسلىشىپ، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ - خاتىرجەم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر، دۆلەتنىڭ سەپەرۋەرلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئادەتتىكى چاغ بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىنى ئالماشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مۇھىم قەدەم. بۈگۈنكى دۇنيا نىسپىي تىنچلىق مەزگىلىدە تۇرماقتا، دۇنيا ئۇرۇشى دەرھال قوزغالمايدۇ. لېكىن مىللىي زىددىيەت، دىنىي ماجىرا، زېمىن تالاش - تارتىشى ۋە قوراللىق توقۇنۇش يەنىلا ئاساسلىق تەھدىت بولۇپ تۇرماقتا. شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال دەرۋازىسى، ئەتراپىدىكى مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋال مۇرەككەپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي كۈرەشتە مۇھىم ستراتېگىيىلىك يۆنىلىش، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكى، بىرلىكى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا ئالاھىدە ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە.

دۆلەتنىڭ غەربىي قىسىم ئىقتىسادىي تەرەققىيات ستراتېگىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىخەتەر، مۇقىم بولغان ئىچكى - تاشقى مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. بۇ خىزمەتنى كۈچەيتىش ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئومۇملۇق جەرياندىكى بىر مۇھىم ھالقا. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەربىي ئىشلار ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرى ئارقىلىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسەتكە ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، يۈرەك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە جىددىيلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ھەقىقىي قوغداپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى ماۋزېدۇڭنىڭ خەلق ئۇرۇشى ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئارمىيە - خەلق بىرلىشىپ، ئادەتتىكى ۋاقىت بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىنى بىرلەشتۈرۈش»، «ئارمىيە - خەلق بىللە تۇرۇش» قائىدىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ھەربىي كومىتېتنىڭ يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ستراتېگىيىسى، قائىدىسىنى ئاساس قىلىپ، جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. پارتىيىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ سەپەرۋەرلىك خىزمىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي، ئىقتىسادنى بىللە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق قىسمەن ئۇرۇشتا غەلبە قىلىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسنى پۇختا تىكلەپ، ئارمىيە - خەلقنىڭ ئۇيۇشقاقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش كېرەك. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خىزمىتىدە پۈتكۈل خەلقنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، زاپاس خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ساپاسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، ئىقتىساد جەھەتكى سەپەرۋەرلىك تەييارلىقى ئۈچۈن ياخشىراق ئاساس يارىتىش، خەلق مۇداپىئە قۇرۇلۇشىدا يېڭى يۈكسىلىش ھاسىل قىلىش، قاتناش ئۇرۇشى تەييارلىقى خىزمىتىدە زورراق تەرەققىيات بولۇش، ھازىرقى زامان تېخنىكىسى، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى قىسمەن ئۇرۇشتا غەلبە قىلىش سەپەرۋەرلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ماسلىشىش نىشانىغا يېتىش كېرەك.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ئېڭىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش، تىنچلىق مەزگىلىدىكى دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىنى پۇختا سېلىش كېرەك. يۇقىرى تېخنىكىلىق قىسمەن ئۇرۇشتا غەلبە قىلىشنىڭ سەپەرۋەرلىك ھازىرلىقىنى ياخشى قىلىش لازىم. قوراللىق كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھەربىي خىزمەت قىسىملىرى خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان شۆبە ئەترەت ۋە كەسپىي تېخنىكا شۆبە ئەترەت قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زاپاس كۈچ قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ۋە قىسمەن ئۇرۇشلاردا ئەسكەرلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىش لازىم؛ ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «9.5» بەشيىللىق، ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىك پىلانىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، خىزمەتنىڭ نىشانى بىلەن ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي سەپەرۋەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە يەرلىك ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا كىرگۈزۈشكە تەييارلىق كۆرۈپ، ئارمىيە - خەلقنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە ئادەتتىكىسى بىلەن ئۇرۇش ۋاقتىدىكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم؛ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، «خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى»نىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ھەل قىلىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. تۆمۈر يول، تاشيول، ئاۋىئاتسىيە، پوچتا - تېلېگراف، خەۋەرلىشىش قاتارلىق تور قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش لازىم. شىنجاڭغا، شىزاڭغا كىرىش يولىنى، چېگرا مۇداپىئە نۇقتىلىق رايونلىرىغا ئۆتىدىغان يوللارنى ياخشىلاپ، قىسىملارنىڭ ھەرىكەتلىنىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش لازىم. دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى قانۇنلاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇشنى قەدەممۇ - قەدەم ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

ئەخمەت راخمان (ت)

# ئامانلىق

1997 - يىل 8 - سان

(ئومۇمىي 8-سان)

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ج ك پ ش ئۇ ئا ر سىياسىي-قانۇن كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى

مەسلىھەتچىلەر: ش ئۇ ئا ر پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ بارلىق ھەيئەتلىرى

پەخرى مۇدىر: لى فېڭزى

مۇدىر: سۇڭ جىيى

مۇئاۋىن مۇدىر: دۇ شىنفۇ، چۈيۈەنلياڭ، ھەسەن توختى، جاۋمىڭچى، ليۇگۇاڭزۇ، ۋەن زۇڭلىن، بوشياۋ، خوشياۋچېڭ

ھەيئەتلەر (خەنزۇچە فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز-كۆپلىكى بويىچە تىزىلدى): ۋەن زۇڭلىن، ۋاڭ بېيتىڭ، ھەسەن توختى، ليۇگۇاڭزۇ، سۇڭجىيى، شاۋسىۋېن، ۋۇجەنگو، خوشياۋچېڭ، دۇشىنفۇ، غەيرەت نىياز، جاۋمىڭچى، جىڭ جەنجۇڭ، چۈيۈەنلياڭ، سەي يۈجى، بوشياۋ

## مۇندەرىجە

### مۇقەددىمە

ئارمىيە بىلەن يەرلىك ھەمكارلىشىپ دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتەيلى.......... ئابلەت ئابدۇرېشىت (1)

### كومپاس

ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مۇھىم نۇقتىنى ياخشى تۇتۇپ، ۋەزىيەت ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى.......... (4)

ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون قۇرۇش ۋە كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىدا قىلىنغان سۆز.......... لى فېڭزى (6)

بىخەتەرلىك ئارقىلىق مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرەيلى، مەدەنىيەت ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى.......... (11)

### ئامانلىق يولى

زورلۇق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغدايلى.......... جىڭ جيەنجۇڭ (12)

### ئەزىمەتلەر قىياپىتى

يوشۇرۇنۇش.......... دەي ياشيۇڭ (14)

### قاراۋۇل

پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەڭگۈ پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىمىز.......... (18)

### شەمشەر

بەدىنىگە گۈل چەككەن ئادەمنى قوغلاش.......... دىڭ چۈن، ليۇ شياۋجىڭ (19)

دېلو مەيدانى

دوزاقنى كۆتۈش............ باڭ شەنمىڭ(23)
ساھىبجامالنىڭبۇلاپ كېتىلىشى............
............................ دېڭ فاڭ(25)

ھەق ناھەق ھۆكۈم

ئىشاندىن ئاداشقان مۇھەببەت ۋە نەپرەت.....
....................... باڭشەنمىڭ(27)

قاباھەت چۈشى

12 گاچاقاتىل..................... (29)

باھار شامىلى

يۇلتۇزلاردەك چىراقلارسىزنى، مېنى يورۇتتى......
.......... بەيشۇچىڭ، جېڭ جۇنجى(31)

قانۇن مەسلىھەتچىسى

بىز 5 مىڭ يۈەننى قانداق قايتۇرۇپ ئالالايمىز؟.....
(32)..............................

مۇھاكىمە مۇنبىرى

تۈرمە ئۆرگىنىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا...........
............ خوابىخۇڭ، لياڭ شيەنخي(33)

قىزىقارلىق ئىشلار

چەتئەللەردە.................. (36)

كۆزنەك

شەرتلىك بەلگە: ناشقىي ئوپېراتسىيە.....شۇي شۇ(37)

ئامانلىق ئايلىق ئۇچۇرلار

ئايلىق ئۇچۇرلار.................... (45)

يۇمۇر ۋە ھەجۋى رەسىم

يۇمۇرلار.................... (47)
ھەجۋى رەسىم.................... (48)

رېداكسىيە باشلىقى، باش مۇھەررىر: دۇشىنفۇ
ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باش تەھرىر: ھەسەن توختى
مۇئاۋىن رېداكسىيە باشلىقى: غەيرەت نىياز
مەسئۇل تەھرىرلەر: ھاشىمجان ئىسمايىل، ئەخمەت راخمان
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئۆمەرجان قاسىم
ماشىنىست: لەتىپە مەھەممەت
تۈزگۈچى ۋە نەشىر قىلغۇچى: «ئامانلىق» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ش. ۋاقىتلىق (97) 001- نومۇرلۇق
باسقۇچى: جۇڭخۇەن باسما زاۋۇتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ساغلاملىق يولى 2- نومۇرلۇق قورۇ
تېلېفون نومۇرى: 2817524 ئارقىلىق 21864 نى ئېلىڭ
پوچتا نومۇرى: 830003
مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى فاتىخ شەرەپ تارتقان



ئۆمەرجان قاسىم فوتوسى

# ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مۇھىم نۇقتىنى ياخشى تۇتۇپ، ۋەزىپەئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

## ۋاڭ لېچۈەن شۇجىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغانخەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى

**1. نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرەيلى**

بىز ئۆتكەن يىلدىن بۇيانقى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە، بولۇپمۇ بۇ يىل يۈز بەرگەن «5 - فېۋرال»، «25 - فېۋرال» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، پارتلىتىش، قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار تېرروrluق دېلولىرى ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەشنىڭ بىر مەيدان جىددىي سىياسىي كۈرەش ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇۋالدۇق، بۇ كۈرەش مىللىي مەسىلىمۇ، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، كۈرەشنىڭ ماھىيىتى ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش كېرەكمۇ ياكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش كېرەكمۇ دېگەندىن ئىبارەت دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ئانتاگونىستلىك ھايات - ماماتلىق كۈرەش، بۇ كۈرەشتە مۇرەسسە قىلىش ئىمكانىيىتى يوق، دۈشمەنگە قارشى نۆۋەتتىكى جىددىي كۈرەش ۋەزىيىتى ئالدىدا، مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى پارتىيىلىك كادىرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشى بىردەك، پوزىتسىيىسى ئېنىق، ھەرىكەتتە ئاكتىپ بولۇپ، بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى بولۇۋاتقانلا بولسا، دۈشمەنگە زەربە بېرىپ، خەلق ئاممىسىنى قوغداپ، ئۇدا مۇقىم بولغان ۋەزىيەتنى ساقلاشقا تامامەن ئىقتىدارلىقمىز، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ۋە پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ بىخەتەرلىك ۋەزىيىتىگە قارىتا ھەقىقىي سەگەك بولۇشىمىز، ئۇنى ئوبيېكتىپ تونۇشىمىز، ھەم دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتىكى پايدىلىق ئامىللارنى كۆرۈشىمىز، ھەم دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكى، جىددىيلىكىنى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى كۆرۈشىمىز، چوقۇم ئازاپ - ئوقۇبەت ئېكىشقا ئىگە بولۇشىمىز، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش ئېلىپ بارالايدىغان ئىدىيىۋى تەييارلىقنى پۇختا قىلىشىمىز، ئادەتتىكى چاغلاردا خىزمەتنى پۇختا ئىشلىشىمىز، ئاساسنى مۇستەھكەملىشىمىز، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ تارىنى چىڭتىشىمىز، سۇ كەلگىچە توغان تۇتىشىمىز كېرەك.

**2. خەلق ئەسكەرلىرى ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان ھەربىي خىزمەتنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاشتىكى ئورنى ۋە رولىنى تولۇق تونۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلەيلى**

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرنىڭ ھەرىكىتىنىڭ غالجىرلىشىپ كەتكەنلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ نورمال تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ ئېغىر دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغانلىقىدەك رېئاللىققا ئاساسەن، جايلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق ئارمىيە، ج خ، قوراللىق ساقچى قىسىم بىر تۇتاش تەشكىللىنىپ، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئىلى قاتارلىق جايلاردا ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە قوراللىق پاراتىن ئۆتۈش، نامايىش قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى، بۇنىڭغا خەلق ئەسكەرلىرىدىن 100مىڭغا يېقىن ئادەم(قېتىم) قاتنىشىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى راسا سۇندۇرۇپ، كەڭ ئاممىغا ئىلھام بەردى. جايلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى يەنە ج خ، قوراللىق ساقچى قىسىملارغا ھەمكارلىشىپ ئىلگىر - كېيىن بولۇپ يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىك ۋە ئۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ 10 قېتىمدىن ئارتۇقىنى تىنجىتتى. ئۆتكەن يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قەشقەردە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھارۇنخان ھاجىغا قەست قىلىش زور ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى ئىككى مىڭ نەپەر خەلق ئەسكىرىنى ئىشقا سېلىپ، ج خ تارماقلىرىغا ماسلىشىپ كەڭ تور بېيىپ قامال قىلىپ، «12ماي» ۋەقەسىدىكى ئاساسىي جىنايەتچىلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى ۋە تىرىك قولغا چۈشۈردى. ئۆتكەن يىلى «15 - ئىيول» تۈرمىدە زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شايار ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ، كەسكىن ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ئۈچ نەپەر جىنايەتچىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، دۈشمەنىنىڭ غەرىزىنى بىت - چىت قىلىپ، تېخىمۇ زور قانلىق دېلو يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، جىنايەتچىلەرنى قورشاپ يوقىتىش ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقىتنى قولغا كەلتۈردى. بۇ يىل «5 - فېۋرال» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىگتۇەن بېزا ئىگىلىك 4 - دىۋىزىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى جىددىي يىغىلىپ تېز ھەرىكەتكە كەلگەن، 500 خەلق ئەسكىرى ئىلىنىڭ ئۈچىنى بىر قىسمىغا يېقىن شەھەر رايونىدا پاترونلۇق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ زور جىنايەت گۇماندارلىرىدىن يەتتىنى قولغا چۈشۈردى، يارىلانغان ئاممىدىن 29 كىشىنى قۇتقۇزۇۋالدى، بۆلگۈنچىلەرنىڭ ھەيۋىسىنى راۋۇرۇس سۇندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى 600 مىڭ خەلق ئەسكىرى زاۋۇت، كان، كەتلەرنى قوغداشقا ۋە مۇھىم نىشانلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئومۇملىقنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۈشمەنگە زەربە بېرىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس ياراتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭدا، ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ خىزمىتىدىن زور

دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، بۇ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، ئاساسىي قانالام ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرغان باشقىلار ئورنىنى باسالمايدىغان تابانچ كۈچكە ئايلاندى. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىدىكى رەھبىرى يولداشلار دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە ئىنناقلىقىنى ئۇزاققىچە مۇقىم قىلىش ئومۇملىقىنى چىقىش قىلىپ، ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنىڭ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش جەريانىدىكى ئالاھىدە ئورنى ۋە رولىنى چوڭقۇر تونۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش ئېڭى، ئومۇملىق ئېڭى ۋە فۇنكسىيە ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشنى سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ كونكرېت ھەرىكەت قىلىپ، ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقى تۈردە ئومۇملۇقتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئەستايىدىل، چىڭ، ياخشى تۇتۇشى لازىم.

نۆۋەتتە، ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى ئاساسىي قانالاملاردا ئاساس يارىتىش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى پۇختا تىكلەش لازىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىككى مۇھىم نۇقتىنى، بىرى، كەنت دەرىجىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى، يەنە بىرى، يېزىلىق، بازارلىق قوراللىق بۆلۈمنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم.

كەنت دەرىجىلىك خەلق ئەسكەرلىرى ئامانلىق شۆبە ئەترىتى قۇرۇلۇشىدا ئۈچ ئىدىيىنى پۇختا تۇرغۇزۇش لازىم: بىرىنچى، خەلق ئەسكەرلىرى ئامانلىق شۆبە ئەترىتى قۇرۇشنىڭ ئاساسىي قانالام قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كەڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇش، تەشكىلات قۇرۇلۇشىدا، تۈزۈم، تەدبىر بېكىتىشتە پۇختا ئاساس يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش، كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتۇش لازىم؛ ئىككىنچى، خەلق ئەسكەرلىرى ئامانلىق شۆبە ئەترىتى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كەسپىي ياكى يېرىم كەسپىلەشكەن شۆبە ئەترەت بولماي، بەلكى ھازىر بار بولغان خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلى ئاساسىدا قۇرۇلغان، قوشۇن قۇرۇلۇشىنى بارلىق خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى ئىچىگە كېڭەيتىش، بۇ خىل تەشكىلى شەكىل ئارقىلىق، ھەر بىر خەلق ئەسكىرىنى قانۇن بۈكلىگەن مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، بۇ خىل چارە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا نىسبەتەن بىر خىل تولۇقلىما ۋە ياخشىلىنىش، ئۈچىنچى، جايلار ئامانلىق شۆبە ئەترەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇشى لازىم، ئۇتتىلىق رايون دەپ ئايرىلمايدۇ، ئۇزىنىڭ كىچىك مۇھىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپلا ئۆز مەيلىچە قىسقارتىۋەتمەسلىك، ئامانلىق شۆبە ئەترەتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇشنى بېكىتىش كېرەك. بۇ، نۆۋەتتىكى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلىگەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بەلگىلىگەن تەدبىر، ھەر قانداق رايون بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىشقا ھەم بولمايدۇ؛ تۆتىنچى، خەلق ئەسكەرلىرى ئامانلىق شۆبە ئەترەتلىرىگە قاتنىشىشنىڭ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانلىق، قانۇن بەلگىلىگەن بىر خىل مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، بۇ ئەسكەر بولۇپ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش ئىش. ئاساسىي قانالام يېزىلىق، بازارلىق قوراللىق بۆلۈملىرى قۇرۇلۇشى مەسىلىسى توغرىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزىلىق، بازارلىق قوراللىق بۆلۈملىرىنىڭ ئىشتاتىنى بەشتىن سەككىزگىچە كۆپەيتىشنى قارار قىلدى، بۇ ئاساسلىقى نۆۋەتتىكى ئاساسىي قانالام قوراللىق كۈچلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ قوللانغان بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى قاتتىق ئىگىلەش، كادىرلارنىڭ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلىش، سىياسىي، ئىدىيە جەھەتتە ياخشى بولغان، ھەربىي ساپا جەھەتتە قاتتىق سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان، ئەڭ ياخشى قوش ئىللىق يولداشلارنى قوراللىق بۆلۈم خىزمىتى ئورنىغا تاللاپ سەپلەش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈش، شەرت ـ شارائىتى بارلىرى بىر قېتىمدىلا سەپلەپ بولۇش، ئادەم سانى بەك كەم ئورۇنلارغا ئالدى بىلەن ئاساسلىق باشقۇرغۇچىنى سەپلەپ ئاساس تۇرغۇزۇش، ئاندىن داۋاملىق تولۇقلاش كېرەك، ئەمما سان توشقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ ـ سەپلەپ ئىش كۆرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ.

3. بەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى ھەقىقى ئەمەلىيلەشتۈرەيلى

ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى قىسىملىرى ئاممىۋى خاراكتېرلىك قوراللىق تەشكىلات، ئاممىۋى خاراكتېرلىك قوراللىق قوشۇن بالغۇز ھەربىي ئارماقلارنىڭ تۇتۇشىغىلا تايانسا نەتىجە قازىنالمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەربىي ئارماقلار ئورتاق تىرىشىشى كېرەك. شۇڭا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى، بولۇپمۇ بىرىنچى قول شۇجىلار پارتىيىنىڭ قوراللىق كۈچلەرنى باشقۇرۇش ئېڭىنى چوقۇم كۈچەيتىشى، ئۆز ئۈستىگە ئالغان زور مەسئۇلىيەتنى ئېنىق تونۇشى، ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ئورۇنلىشى لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋەزىپە ئۆتەش ئالدىدا تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا بىر قەدەر زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. دۆلەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ـ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ۋە ئۇزاققىچە ئامان ئېسەن بولۇشنىڭ ئۇ بېيىكتىپ تەلىپى، بىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زاپاس كۈچ قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىم تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

ئەخمەت راخمان (ت)

# ئاپتونوم رايونلۇق بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون قۇرۇش ۋە كوچىمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

لى فېڭزى

## 1. نۆۋەتتىكى ئامانلىق ۋەزىيىتى توغرىسىدا

جەمئىيەت ئامانلىقى ۋەزىيىتىگە توغرا قاراش، ئۇنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە توغرا ئىگىلەش، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش - مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. بىز چوقۇم ئومۇمىيلىق يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەھۋالغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغدىشىمىز كېرەك.

بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، ئومۇمىلىق مۇقىم بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى كەڭ قوزغاپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى، قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلغان تايانچ ئۇنسۇرلار، زوراۋانلىق، تېررورلۇق قىلغان جىنايەتچىلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنىڭ باش ئۇنسۇرلىرىغا، شۇنىڭدەك ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە زەربە بېرىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كۆپ ساندىكى جايلارنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىنى كاپالەتلەندۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ج خ، سىياسىي-قانۇن تارماقلىرى ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، ئۈزلۈكسىز جەڭ قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن بويىچە قاتتىق، تېز زەربە بېرىش فاڭجېنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىنى ئۇدا، ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈش، باش كۆتەرگەن ھامان زەربە بېرىشتەك يۇقىرى بېسىملىق ھالەتنى باشتىن - ئاياق ساقلاپ، بىر تۈركۈم زور دېلولارنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىپ، بىر تۈركۈم جىنايەت ئۇۋىسىنى تۈگىتىپ، بىر تۈركۈم جىنايەت شايكىسىنى يوقىتىپ، قارشىلىق قىلىپ قېچىپ يۈرگەن بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاپ، جىنايەتچىلەرنى كۈچلۈك چۆچۈتۈپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەت ئامانلىقى ۋەزىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ ئومۇمىي سانى ۋە زور دېلولارنىڭ يۈز بېرىش سانى بىرلا ۋاقىتتا ئازىيىش تۈنجى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. بۇلتۇر جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ۋە زور دېلولار ئايرىم - ئايرىم ھالدا 4.5 ۋە 3.3 پىرسەنت ئازايدى، بۇ يىلنىڭ 1 - ئېيىدىن 4- ئېيىنى بۇلتۇرقىنىڭ شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 21.4 ۋە 20.3 پىرسەنت ئازايدى، ج خ نازارىتى ئەنگە ئېلىپ بېجىرىشنى سۈيلىگەن زور دېلو ئاساسى جەھەتتىن پاش قىلىندى، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىن 13دە دېلو ئازايدى، زور دېلو بىر ۋىلايەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە ئازايدى.

قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىيلىقىنىڭ ئۇدا مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەركەزنىڭ تەدبىرى ۋە مەركىزى سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ «تەستىق جاۋاب»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ يىل 4 - ئايدا خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، نۇقتىلىق رايونلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى نۇقتىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق

پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە، مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش خىزمىتىدە تېگى - تەكتىنى ئىنقىلاپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىستايىدىل قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش؛ ئاممىنى تەربىيىلەش ۋە قوزغاش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە نەتىجىگە ئېرىشتى، ئاما يىپ ئۇچى بىلەن ئاكتىپ تەمىنلەش، جىنايەتچىلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەر توسۇۋېلىنىش، ئاكتىپ تايانچىلار قوشۇنى شەكىللىنىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئەمما، بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىر ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەر يەنىلا ئاز ئەمەس، بەزى رايونلار، بەزى تەرەپلەردە ھەتتا خېلىلا ئېغىر.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقى بويىچە، 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇقىملىق خىزمىتىنى ئەترابلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتلىرىدىن نۆۋەتتە ئۆز جايىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئىستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشنى؛ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىشنى، تۈزەشنى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتۇشنى، ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىشنى؛ ئاخبارات، ئۇچۇر خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى، يوشۇرۇن سەپتىكى كۈرەشنى كۈچەيتىشنى؛ نۇقتىلىق تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشنى، ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشنى؛ دىنى ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز دىنى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىشنى ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى؛ خەلق ئىچىدىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، تۇيۇقسىز ۋەقەلەرنى بىخ ھالىتىدە يوقىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى؛ ئاساسىي قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتىنى پۇختا ئىشلەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرلىرىنى ئىستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى؛ ساقچىلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ، سىياسىي - قانۇن قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىرى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە نىسبەتەن كاللىنى چوقۇم سەگەك تۇتۇپ، «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا قاتتىق بولۇش» فاڭجېنىدا باشتىن - ئاياق چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان تۈرلۈك ئامىللار ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە، خىزمەتتىكى بىخۇتلۇقنى ۋە بوشاڭلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئاكتىپلىقىنى تېخىمۇ كەڭ قوزغاپ، بىر دەرىجە بىر دەرىجىنى تۇتۇپ، قاتلاممۇ - قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەكشى تۇتۇش، ئورتاق باشقۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ئىشلەپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئاساسىي قاتلاملاردا پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**2. زەھەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا ئۆرلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، جىنايەتكە زەربە بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش - جوڭگوچە ئىجادىيەت، مۇقىملىقنى قوغداش - ئۇنىۋېرسال قۇرۇلۇش، شۇڭا سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىغىلا تايانغان بىلەن كۇپايە قىلمايدۇ، زەربە بېرىشتىن ئىبارەت بىر قولغا تايانغان بىلەن تولۇق ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى تارماقلار بىردەك ماسلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەمۇرىي، قانۇن، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق كۆپ خىل ۋاسىتىلاردىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەت

ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمەتۈزەش كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم سىياسى - قانۇن رەھبەرلىرى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، بولۇپمۇ مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇش، ئون يۇلتۇزلۇق مەدەنىيەتلىك ئائىلە، شەھەر ئاھالىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىلغارلارنى باھالاش، نەمۇنىچىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، زور بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار مەيدانغا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قانۇنچىلىق كۆز قارىشى، ئەخلاق سەۋىيىسى قاتارلىقلار كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئىجتىمائىي كەيپىياتمۇ مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاندى. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، خىزمىتىمىزدە يەنە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت، يېڭى ۋەزىيەت جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يېڭى سەۋىيىگە، يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرگەن، ئاساسى قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتكەن، قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن باشقۇرۇشنى يولغا قويغاندىن سىرت، ئەڭ مۇھىمى رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دېگەنلىك، قەتئىي تۈردە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەش بۆلۈم، كومىتېتنىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە»نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسىدىكى تەلەپلەر ۋە«تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش»، «كىم باشقۇرۇۋاتقان بولسا شۇ مەسئۇل بولۇش» پىرىنسىپى بويىچە، رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشلامچى، ئاساسى قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى ئاساس قىلىپ، مەركەزنىڭ تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىشقا ماسلىشىپ، بارلىققا كەلتۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى تېما قىلىپ، بىر دەرىجە بىر دەرىجىنى تۇتۇپ، قاتلاممۇ - قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى تۇتۇۋېلىنسا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ بېشى تۇتۇۋېلىنغان، شۇنداقلا ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچى تۇتۇۋېلىنغانغا تەڭ بولىدۇ.

رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇشتۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول باشلىقى ئومۇمىي جەھەتتىن مەسئۇل بولۇشى، ئاساسلىق مەسئۇل بولغان رەھبەر بىۋاسىتە تۇتۇشى، قاتلاممۇ - قاتلام چۈشەندۈرۈشى، ۋە مەسئۇل بولۇشى، ھەر قايسى مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە «ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە ياخشى قاراش، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىش»نى ئەڭ زور دەرىجىدە ئورۇنلىشى لازىم. رەھبەرلىك مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاشنى ئېنىق ئايرىشتا بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش، ئامانلىق ئۇزۇنغىچە قالايمىقان بولغان، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى تۇتىدىغان ئادەم بولمىغان ئورۇنلار ۋە رەھبەرلەرنى جازالاش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئاكتىپ يۇقىرىغا ئۆرلەش، تىرىشىپ ئىشلەش، ئىلغارلارغا ئىلھام بېرىش، ئارقىدا قالغانلارنى قامچىلاش قويۇق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**3. «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش**

«بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتى جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇزاققىچە ئامان - ئېسەن بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. بۇ يىل 1 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى - قانۇن خىزمىتى يىغىنىدا «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش بۇ يىل جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا

ئورۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبەرلەر بىۋاسىتە تۇتتى، سىياسىي - قانۇن، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشخانىسى قاتارلىق تارماقلار زور كۈچ بىلەن بولغا قويۇشنى تەشكىللىدى، جەمئىيەتتىكى كارخانىلار، ئورۇنلار، مەكتەپلەر ئاكتىپ ماسلاشتى، كەڭ شەھەر، يېزىلاردا «ئامانلىق بويىچە نەمۇنىلىك رايون»، «مەدەنىيەتلىك ئورۇن»، «ئامانلىق قۇرۇلۇشى» قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىكى قۇرۇش پائالىيىتى قەدەممۇ-قەدەم قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، نۇرغۇن تەجرىبىلەر توپلاندى. بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇشۇ نەتىجىلەر ۋە تەجرىبىلەر كونكرېت نامايەن قىلىندۇ ۋە ئالماشتۇرۇلىدۇ. كۆنىدىن - كۈنگە راۋاجلىنىۋاتقان ۋەزىيەت «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى مەزمۇن قوشتى. قۇرۇش پائالىيىتىدە جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى يۈسۈش ئىبغىزى قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئامانلىق باشقۇرۇش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، دېلو ئاز بولۇش، تەرتىپ ياخشى بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى، ئىناقلىقنى، خەلق ئاممىسىنىڭ خوشال - خورام تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى، قانۇنچىلىق تەربىيىسى، ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش كۆز قارىشى، قانۇنچىلىق ئېڭى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، ئاساسىي قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەت، رايون ئىچىدىكى جەمئىيەت تەرتىپىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادنى، جەمئىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. جايلارنىڭ تەجرىبىسى ئىسپاتلىدىكى، «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرىنى ئاساسىي قاتلاملاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى چارىسى، مەخسۇس ئورگان بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى، بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇش، دائىرىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتە، قۇرۇش پائالىيىتىدە مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك: بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ۋە پىلانلاشنى بولغا قويۇشى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى تارماقلار قۇرۇش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشى، بۇ خىزمەتتە باشلامچى بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتلىرى كونكرېت تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، قۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ ئىككىنچى، پىلاننى ياخشى تۈزۈش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇش، بولغا قويغىلى بولىدىغان لايىھە بولۇش، قۇرۇشتا ئېنىق نىشان بولۇش، پىلان، قەدەم - باسقۇچ بولۇش، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش، بىر تۈر كۈمنى قۇرۇپ بىر تۈر كۈمنى مۇستەھكەملەش كېرەك؛ ئۈچىنچى، ئىككى باشنى تۇتۇپ ئوتتۇرىنى يېتەكلەش، نۆۋەتتىكى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىش. تۈزەشتە چوڭ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئامانلىق ياخشى بولمىغان كەنت، بازار، رايونلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش، ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆزگەرتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، نۇقتا ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلەپ سەۋىيىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئاشۇرۇش كېرەك؛ تۆتىنچى، «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى راۋاجلاندۇرۇش، زورايتىش، كەڭ ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، «ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئامما ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش كېرەك. بەشىنچى، «بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون» قۇرۇش پائالىيىتىنى مەدەنىيەتلىك ئائىلە، مەدەنىيەتلىك ئورۇن، ئارمىيە بىلەن خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسى يارىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى

قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئاممىغا ئەخلاق، قانۇن تەشۋىقاتى، تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا ئەخلاق، قانۇن تەشۋىقاتى ـ تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، بارلىق يۇقىرالارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە بىر پۈتۈن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

**4. كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادى قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش**

كۆچمە نوپۇس ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەسئۇلى بولۇپ، ئوخشىمىغان تارىخى مەزگىللەدە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىيتى ئىسپاتلىدىكى، مۇۋاپىق، تەرتىپلىك كۆچمە نوپۇس بولمىغان بولسا تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ زور تەرەققىياتى بولمىغان بولاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى كۆچمە نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. نۇرغۇن جايلار ۋە تارماقلاردا كۆچمە نوپۇس باشقۇرۇش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بىرقىسىم جايلار ۋە تارماقلار بىر قەدەر ياخشى تەجرىبىگە ۋە ئۇسۇلغا ئېرىشتى. لېكىن، پۈتكۈل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خىزمەتنىڭ ئىلگىرلىشى ئانچە تەكشى بولمىغان، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانغان. بىرىنچى، ئاپپارات مۇكەممەل بولمىغان، كۆچمە نوپۇسلار كۆپرەك بولغان ئاز ساندىكى جايلاردا خىزمەت ئاپپاراتى ھازىرغىچە تەسىس قىلىنمىغان. ئىككىنچى، خىزمەتنىڭ سالمىقى دېگەندەك بولمىغان؛ ئۈچىنچى، باشقۇرۇش بىلەن مۇلازىمەتنىڭ مۇناسىۋىتى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىغان، ئاز ساندىكى رايونلار ۋە تارماقلاردا ھەق ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ باشقۇرۇشقا سەل قاراش، ھەتتا قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋالى يەنىلا ساقلىنىۋاتقان. شۇڭا، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق كۆچمە نوپۇس باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. باشقۇرۇش بىلەن تەربىيە، يېتەكلەش، مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى جانلىق بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمى، ئۈنۈملۈك خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايەتنىڭ ۋە بارلىق سەلبى تەسىرلەرنىڭ تىرىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، كۆچمە نوپۇسنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە، كۆچمە نوپۇس كۆپرەك بولغان جايلاردىن شەرت ـ شارائىتى بارلىرى كۆچمە نوپۇس باشقۇرۇش ئاپپاراتىنى ئىمكانقەدەر تېز قۇرۇشى لازىم، ۋاقتىنچە قېيىنچىلىقى بارلىرى كەسپى، قوشۇمچە خادىملارنى تەسىس قىلىپ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل قىلىشى كېرەك. ج خ، ئەمگەك، سودا ـ سانائەت، قۇرۇلۇش، خەلق ئىشلىرى، تۆمۈر يول، قاتناش، ئەدلىيە، سەھىيە، يېزا ئىگىلىك، پىلانلىق تۇغۇت، تەشكىلات، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق تارماقلار مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتلىرى بەلگىلىگەن مەسئۇلىيەتنى قاتتىق ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىشى، يەكدىللىك بىلەن ھەمكارلىشىپ، كۆچمە نوپۇس باشقۇرۇشنى ھەقىقى كۈچەيتىشى كېرەك. كۆچمە ئەھاللارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، تارماقلار قارار چىقارغاندا، مەسىلىلەرنى ئويلانغاندا، ئىش قىلغاندا، ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولۇشتىن ئىبارەت ئۆلچەملىكنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم، تارماقلار، كەسىپلەرنىڭ قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇملىقنىڭ مەنپەئىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك. بەزى تارماقلار ھەق ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، باشقۇرۇشقا سەل قاراشتەك خاتا ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ساقلىنىشى، ئۇنى تۈگىتىشى كېرەك. كۆچمە نوپۇسلاردىن قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىگىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ج خ ۋە ئالاقىدار تارماقلار ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش، ئاھالىلارنىڭ ئېقىپ يۈرۈشى ئېلىپ كەلگەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش لازىم.

ھ. توختى (ت)

# بىخەتەرلىك ئارقىلىق مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرەيلى، مەدەنىيەت ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرەيلى

## — ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايونلار ۋە كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلدى

ژۇرنىلىمىزنىڭ كورلىدىن بەرگەن خەۋىرى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايونلار ۋە كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش خىزمىتى نەق مەيدان يىغىنى 6- ئاينىڭ 14- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە نەشپۈت شەھىرى كورلىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى فېڭزى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماسۇنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، باش كاتىپ شەن يۇشىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شۇ جېنتۇڭ ۋە باشقا تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى شۇنىڭدەك بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ باشلىقى سابىرجى، بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شياۋ چىيىڭ قاتارلىق ئالاقىدار رەھبەرلەر يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا يولداش لى فېڭزى مۇھىم سۆز قىلدى. يولداش لى فېڭزى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشى بولدى، ئومۇمىي ۋەزىيەت مۇقىم بولدى، لېكىن، بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەسىلىلەر يەنىلا ئاز ئەمەس.

يولداش لى فېڭزى ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقى بويىچە نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇقىملىق خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىدىن مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىشنى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي - قانۇن تارماقلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمىتى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى.

يولداش لى فېڭزى بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون قۇرۇش خىزمىتىگە يۈكسەك باھا بەردى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت يوليورۇق بەردى. ئۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەردىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون قۇرۇش پائالىيىتىدە بەش تۈرلۈك خىزمەتنى توختىلىق تۇتۇشنى، ئۇنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئامما ئۈچۈن كۆپرەك ياخشى، ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىن جەريانىدا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بىرلەشتۈرۈپ يىغىننى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتەردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇردى، ھەربىر ۋىلايەت، ئوبلاست بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون قۇرۇش ۋە كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئۆزگىچە تەجرىبىگە ئىگە بولدى. بولۇپمۇ سانجى، كورلا، ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى، قاراماي شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىلىرى يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ پىكىر قىلىش يولىنى ئاچتى. بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون قۇرۇش ۋە كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇشتىكى ئىلغار ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. بۇ ئورۇنلار: تارىم نېفىت قوماندانلىق شتابى، باغراش قەغەز زاۋۇتى، تېكچى يېزىسى ساقچىخانىسى ۋە خەلپە ئېرىقى خەلپە يول ئاسراش باش ئۇچاستكىسىدىن ئىبارەت، ئېكسكۇرسىيە مەزگىلىدە، يولداش لى فېڭزى بۇ ئورۇنلارغا قىممەتلىك پىكىر - تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا مەملىكەت بويىچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگۇ رايونى، كورلا شەھىرى، ئىلغار شەخس بولۇپ تەقدىرلەنگەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىن كەلگەن ۋەكىللەرگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى.

ئاپتونوم رايون بويىچە بىخەتەر، مەدەنىيەتلىك كىچىك رايون قۇرۇش ۋە كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى ئۈچ كۈن داۋاملىشىپ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە ئاخىرلاشتى.

ئەخمەت راخمان (ت)

# زورلۇق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغدايلى

## ش ئۇ ئا ر پارتكوم خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىر جىڭ جيەنجۈڭ

يېقىندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا زورلۇق، تېررورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىغا قارىتا، بىر قىسىم نوقتىلىق رايونلاردا جەمئىيەت ئامانلىقىنى مەركەزلىك تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، زورلۇق، تېررورلۇق جىنايىتىگە مەخسۇس تۈر بويىچە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

يىغىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ياخشى دەپ قارىدى. بۇلتۇردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتتى. «قاتتىق زەربە بېرىش» قاتارلىق بىر قاتار كۈرەشلەرنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەرگە مەركەزلىك ھالدا زەربە بېرىپ، زورلۇق ئىشلىتىش، تېررورلۇق قىلىش دېلولىرىدىن بىر تۈركۈمىنى پاش قىلدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى جىنايەتچىلەر قولغا چۈشتى، ئاساسىي قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، يېزا - بازار ساقچىخانىلىرىنىڭ ۋە قوراللىق ساقچى بۆلۈمىنىڭ كۈچى تولۇقلاندى. بۇ يىل يۈز بەرگەن زورلۇق ئىشلىتىش، تېررورلۇق قىلىش دېلولىرى رازۋېدكا قىلىنىپ پاش قىلىنىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە زورلۇق، تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە ئۈنۈملۈك زەربە بېرىلىپ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغداشتا زور غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي قىلغان، سىياسىي مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلاشقان، چېگرا مۇداپىئەسى مۇستەھكەملەنگەن بولسىمۇ، بىراق خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى مۇرەككەپ ئامىللار تۈپەيلىدىن، شىنجاڭدا بۆلگۈنچىلىك قىلىش بىلەن بۆلگۈنچىلىك قىلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئىنتايىن مۇرەككەپ، كەسكىن بولماقتا. دۈشمەن كۈچلەر زورلۇق ئىشلىتىش، تېررورلۇق قىلىش ۋاستىلىرى بىلەن مىللىي زىددىيەت پەيدا قىلىپ، مىللىي ئۆچمەنلىكنى قوزغىتىپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە.

يىغىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى قانۇننىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى، خەلق مەنپەئىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، قانۇن قورالىدىن توغرا پايدىلىنىپ، كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تايانچىلىرى، زورلۇق، تېررورلۇق جىنايىتى ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ۋە دىنىي كۈچلەرنىڭ كاتىۋاشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۆسۈپ كېتەلەيدىغان خورىكىنى قەتئىي يەرگە ئۇرۇشى كېرەك.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەن يىغىندا: «زورلۇق ئىشلىتىش جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

ۋاڭ لېچۈەن سۆزىدە مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوقتىلىق رايونلاردا ئامانلىقنى مەركەزلىك تۈزەش، زورلۇق ئىشلىتىش جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش جەمئىيەت ئامانلىقنى كۆچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى، ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى ھەققانىي تەدبىر. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما باشتىن - ئاخىر مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدايدىغان ئاساسىي قوشۇن، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى نوقتىلىق، مەركەزلىك تۈزەشنىڭ ھالقىسىنى ئوبدان تۇتۇش لازىم.

ۋاڭ لېچۈەن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بىرىنچى، دۈشمەننىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە جىنايى سۇيىقەستىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ كۈرەش قىلىش كۆز قارىشىنى ئۆستۈرۈش لازىم. بىز بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋەدىنىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مىللىي مەسىلىمۇ ئەمەس، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش. ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەش. بىر ئوچۇم مىللىي بۆلگۈنچىلەر مالىمانچىلىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋە زورلۇق قىلىش، تېررورلۇق قىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتىدۇ. 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز قىلىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئامما دۈشمەننىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە جىنايى مەقسىدىنى چوقۇم ئېنىق تونۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، دۈشمەنگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. ئىككىنچى، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا قەتئىي تەۋرەنمەي ئىشىنىش ۋە تايىنىش لازىم. بىز مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان دىنىي ئۇنسۇرلارنىڭ بىر ئوچۇملا ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى، مەلۇم بىر مىللەتكىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئازات بولغاندىن كېيىن يېتىلگەن زور بىر تۈركۈم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار بىر قانچە ئون يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ھەم دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەم ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئەزەلدىنلا بىز ئىتتىپاقلىشىدىغان ۋە تايىنىدىغان كۈچ، ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا ئىشىنىمىز ۋە ئۇلارنى قوللىشىمىز، قوغدىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋە دىندارلارغا مىللىي مۇناپىقلار، دىنىي مۇناپىقلار، مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز، ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىشىمىز لازىم. ئۈچىنچى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشقا كۆڭۈل بولۇپ، خىزمەت ئۇسلۇبىغا دىققەت قىلىش لازىم. چەت - ياقا جايلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بېرىش بىزنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى. خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولساقلا، سەمىمىي ھالدا خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىسەكلا، خەلق ئاممىسى بىزنى قوللايدۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرىدۇ، بايرىقى روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە دىنىي كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ.

يولداش ۋاڭ لېچۈەن تەكىتلەپ: نۆۋەتتىكى مۇرەككەپ خىزمەتتە، بىز چوقۇم يۇكسەك دەرىجىدە ئۇمۇمىيلىق يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دائىم ۋەزىيەتنى ۋاقتىدا توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە ئىگىلەپ، پەيتنى پەملەپ، ئىشنىڭ يۈنىلىشىگە قاراپ يېتەكلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ئۈنۈملۈك قوغدىشىمىز لازىم، دېدى.

**ھاشىمجان ئىسمايىل(ت)**

# يوشۇرۇنۇش

دەي ياشيۇڭ

شىنجاڭدا مەنئىي قىلىنغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ سېتىش تۇنجى دېلوسىنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش خاتىرىسى

«ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»نى تىلغا ئالغاندا، ئۇ جايدا سېسىق نامى پۇر كەتكەن خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى گۇرۇھى يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. زور مىقداردىكى مىتلامفېتامىن ياساش ئۈچۈن، ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپتىن زەھەرلىك بۇيۇم ياساش خام ئەشياسى يىغىدۇ. 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار مىتلامفېتامىن ياسايدىغان ئاساسلىق خام ئەشيا ئېفېدرىننى يىغىش ئۈچۈن، ئېفېدرىن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان شىنجاڭغا ئىبلىس قولىنى سوزدى. . . .

بۇ، 1996 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى، ئىدارىمىز ـ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتىگە: «بىرسى شىنجاڭغا كېلىپ قانۇنسىز ھالدا كۆپ مىقداردا ئېفېدرىن سېتىۋېلىپ، يۈننەن ئارقىلىق بىرمىغا توشۇپ بېرىپ مىتلامفېتامىن ياسىماقچى» دېگەن مەزمۇندا قەتئىي مەخپىي ئاخبارات كەلدى.

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ × بىلەن زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئا× ئاخباراتنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدى.

بىر نەچچە قېتىم ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى ئىشخانىغا چاقىرىپ كېلىپ: «شياۋلى، سىزگە ئالاھىدە ۋەزىپە تاپشۇرىمىز، سىز ئامال قىلىپ ئېفېدرىن ئەتكەسچىلىكى تەشكىلاتىغا يوشۇرۇن كىرىپ، ئۇلارنىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە، بىراقلا زەربە بېرىڭ» دەپ تاپشۇردى.

گەرچە مەن بۇرۇن نۇرغۇن زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى دېلوسىنى پاش قىلغان بولساممۇ، بىراق ھەيۋەتلىك زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ساقچىسى سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىغانىدىم. ھازىر، ماڭا يالغۇز چوڭقۇرلاپ كىرىپ، يەككە ـ يىگانە ھالدا يوشۇرۇنۇپ، ياۋۇز زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى بىلەن ئېلىشىشنى تاپشۇردى. بۇ مەن ئۈچۈن تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. ھەر ۋاقىت خەتەرگە يولۇقىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، ئازراق جىددىيلىك ھېس قىلدىم. بىراق، دېلو پاش قىلىشتىكى كۈچلۈك ئارزۇ مېنى خۇشال قىلدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، بىر ئاز تەييارلىق قىلدىم، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پىشقان زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسى قىياپىتىدە ياسىنىشنى قارار قىلدىم. 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، مەن «ئېلىملىق سودىگەر» سالاھىيىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى مەلۇم مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىۋېلىپ، سىچۈەندىن ئۈرۈمچىگە كەلگەن «مېھمان» بىلەن رەسمىي ئۇچراشماقچى بولدۇم. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، ياتاقنىڭ ئىشىكىدىكى قوڭغۇراق ئالدىن كېلىشىۋالغان مەخپىي بەلگە بويىچە جىرىڭلىدى. مەن ئىشىكنى ئېچىپ مېھماننى قوبۇل قىلدىم. كەلگۈچى 40 ياشتىن ھالقىغان بولۇپ، ئۆزىنى تەن× دەپ تونۇشتۇردى، ئۇنىڭ كەينىدىن بەستلىك يەنە بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. قارىغاندا، ئۇ مۇھاپىزەتچىدەك قىلاتتى. مېھمانلار ئولتۇرغاندىن كېيىن، تەن× سۆز باشلاپ: «مېنىڭچە ئىنىم سىز ياش ئىكەنسىز، بەلكى بۇ «يول»غا كىرگىلى ئۇزاق بولماپتۇ دە» دېدى. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ مېنى سىناپ باقماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدىم. تەلىيىمگە، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش بۇزىسىدىن زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايونىنىڭ، ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زەھەرلىك بۇيۇم ۋەزىيىتىنى بەش قولدەك بىلەتتىم. مەن چاققانلىق بىلەن پىشىپ كەتكەن بۇ «زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسى»نىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدىم، ئاخىرىدا، يەنە زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغاندا ساقچى تەرەپنى

كولدۇرلىتىپ، ئاخىرىدا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنى يەڭدىم. دېگەن مەزمۇندا بىر ھېكايە توقۇپ چىقتىم، تەن× مىنىڭ ھېلىقى ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىم ۋە «زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى» تەجرىبەمگە قايىل بولۇپ: «ئىنىمىزنىڭ نامى چىققان، جاھانكەشتىلىك قىلىشقا ماھىر ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، خاتىرجەم بولدۇم، قارىغاندا ئىككىمىز چوڭ سودىدا ھەمكارلىشالايدىكەنمىز» دېدى - دە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلاپ: «ھازىر ئىككى توننا ئېفېدرىننى بېرىمغا توشۇشقا جىددىي ئېھتىياجىمىز، بىز بۇرۇن باشقا جايدىن تەستە 500gk ئېفېدرىننى ئۆتكۈزگەن، ئۇ تەرەپ ئىككى توننا جىددىي لازىم، دەيدۇ، مەن ئامال قىلالمىدىم، ئۇكام سىزنىڭ قانداق كارامىتىڭىز بار كى؟ دەيدۇ. مەن ئىشەنچلىك بىلەن: «ئىككى توننا ئېفېدرىنمۇ؟ مىنىڭچە چاتاق يوق» دېدىم.

مەن مال مەنبەسىنى تېپىپ كېلىدىغان، ئۇلار نۇسخىسىنى كۆرۈپ، ئاندىن باھاسىنى بېكىتىدىغان بولۇپ مەسلىھەتلەشتۇق. ئاخىرى، تەن× مىنىڭ تېلېفون نومۇرۇم بىلەن چاقىرغۇ نومۇرۇمنى يېزىۋالدى. بىراق مەن بىلەن ئالاقىلىشىش ئادرېسىنى قالدۇرۇپ قويمايلا خوشلۇشۇپ كېتىپ قالدى.

رەقىب بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىش مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، مەن يەنىلا يېنىكلەپ قالمىدىم. مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئېفېدرىنغا ئائىت مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، بۇ خىل نەرسىنىڭ دۆلەت قاتتىق تىزگىنلەيدىغان، مەنئىي قىلىنغان بۇيۇم ئىكەنلىكىنى، ئىككى توننا ئەمەس ئىككى كىلو گىراممۇ تېپىش ئاسان ئەمەسلىكىنى بىلدىم. قىزىقىشقاندەك تەن× سۆيلەۋەردى، مەن قىيىن ئەھۋالدا قالدىم. بىراق، بۇ كومېدىيىنى چاندۇرۇپ قويماي ئويناپ چىقىش ئۈچۈن، مەن كەينىگە سۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىش قارارىغا كەلدىم. بىر تەرەپتىن، مالنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قىيىنكەن دېگەننى باھانە قىلىپ قارشى تەرەپنىڭ ئاغزىنى ئەتتىم، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېفېدرىننىڭ نۇسخىسى، مال مەنبەسىنى راستىنلا ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈردۈم. جىنايى ئىشلار رازۋېدكا باشقارمىسىدىكى رەھبەرلەر ۋە سەبداشلارنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاخىرى بىر گىرام كېلىدىغان تېتىنقۇغا ئوخشاش سۈزۈك، پارقىراق كەلگەن ئېفېدرىن نۇسخىسىنى قولغا چۈشۈردۈم. بىراق بۇ ۋاقىتتا مەن ۋاقىتنى 1997 - يىلى 3 - ئايغا سۈردۈم.

3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، تەن× ماڭا چاقىرغۇ بېرىپ، كېلىشكەن ۋاقىتتا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ نۇسخىنى كۆرمەكچى بولدى، مەن بۇرۇنقىدەكلا كېلىشكەن بويىچە قايىندىن بىر مېھمانخانىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلىشىپ، ئايرۇپىلان بىلەن سىچۇەندىن ئۈرۈمچىگە كەلمەكچى بولغان لاۋتەننى ئالايتەن كۈتۈپ تۇردۇم. بىراق نۇسخىنى كۆرگىلى كەلگىنى لاۋتەن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئوغلى شياۋتەن ئىكەن.

شياۋتەن ياش بولغىنى بىلەن، كونا جاھانكەزەرلەردىن ھېسابلىناتتى. شياۋتەن مەن بىلەن بىر ياتاقتا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، نۇسخىنى كۆرمەكچى بولۇپ: «مەن تەكشۈرۈپ باقاي» دېدى - دە بىر ئىستاكانغا بويۇنۇش ئۈچۈن سۇ ئېلىپ چىقىپ شىرەگە قويۇپ، بىر نەچچە تال ئېفېدرىننى ئىستاكانغا تاشلىدى ۋە تويۇقسىز ۋاقىراپ: «خاتا، بۇ بىزگە كېرەكلىك ئېفېدرىن ئەمەس، بۇ نەرسىنىڭ سۇغا چۈشكەندىن كېيىن سولغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېفېدرىن سودىسى قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. بىراق سىزنىڭكى ئوڭغا ئايلىنىۋاتىدىغۇ» دېدى. مەن چۆچۈپ: «چاندۇرۇپ قويۇپتىمەنما؟» دەپ ئويلاپ، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ئويلىمىغان يەردىن بۇ نەرسە ئىستاكاندا ئوڭغا ئايلىنىۋېتىپتۇ. شياۋتەن ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ: «سەن ئېفېدرىننىڭ ئوڭغا ئايلىنىدىغان ئېفېدرىن، سولغا ئايلىنىدىغان ئېفېدرىن دەپ ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ گەپنىڭ راستىنى قىلغاندا، قاراڭغۇ بازار سودىسى قىلىدىغان ئادەمگە ئوخشىمايدىكەنسەن» دېدى. مەن ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئىچىمدە بۇ ئەبلەخ نېمە دېگەن يامان دەپ تىللىدىم. بىراق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كومېدىيەنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايتتى. مەن دەرھال «تەدبىر» قوللىنىپ بۇ ئەبلەخنىڭ نۇخۇلىسىنى يەرگە ئۇرماقچى بولدۇم. بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سەن نېمىنى بىلىسەن؟ سىنىڭ تەكشۈرۈش ئۇسۇلۇڭ ناتوغرا، يەنە كېلىپ مەن داداڭ بىلەن مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان تۇرسام، سەن نېمىتىڭ؟ بۇ نەرسىنى ساڭا كۆرسىتىشىم سىنىڭ مىنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش سالاھىيىتىڭنىڭ بار - يوقلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، بار، داداڭنى چاقىر، ئۇ كەلسۇن، مەندە سولغا ئايلىنىدىغان ئېفېدرىن بار» دېدىم.

ئويلىمىغان يەردىن گېپىم ئېقىپ قالدى. شياۋتەن بۇ چاغدا پەس كويغا چۈشتى. ئۇ: «لى ئاكا، خاپا بولماڭ، مىنىڭ ئۇسۇلۇم جايىدا بولمىغان بولۇشى مۇمكىن، مەن ھازىر بېرىپ

دادام بىلەن سۆزلىشىمەن» دېدى ـ دە كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قارىسىغا قارىغىنىمچە ئۇززۇن بىر تىنىۋالدىم. پېشانەمنى سىلىدىم، يامان ئەبلەخكەن، قارا تەرگە چۆمدۈرۈۋەتتى، شىياۋتەن كېتىپ خېلىدىن كېيىن مېھمانخانىدىن چىقىپ، تېزدىن ھېلىقى ئۆلگۈر «سولغا ئايلىنىدىغان ئېغىزىن»نى قولغا چۈشۈرمەكچى بولدۇم.

5 ـ كۈنى شىياۋتەن مېھمانخانىغا تېلېفون ئۇرۇپ دادام كەلمەكچى بولدى، دېدى. چۈشتە، لاۋتەن، شىياۋتەنلەر كەلدى، ئۇلار بىلەن 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئەر كىشىمۇ بىللە كەلدى. شىياۋتەن تونۇشتۇرۇپ ئۇ «چېن تاغا» بولىدۇ، بىزنىڭ «باشلىق» دېدى. «چېن تاغا» ئۆزىۈت قىلمىدى، قولىنى پۇلاڭلىتىۋېدى ئۇچەيلەن مىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. «چېن تاغا» چىرايىنى تۈرۈپ: «ئۇكا، ئالدىنقى قېتىمقى مېلىڭدا چاتاق بارىكەن، بۈگۈن مەن سەندىن سوراپ باقاي، زادى مال ساختىمۇ ياكى ئادەم ساختىمۇ؟ راست گەپ قىلمىساڭ بۈگۈن بۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتەلمەيسەن» دېدى. مەن بۇ قېتىم كەڭ قوساقلىق قىلىپ، يانچۇقۇمدىن بىر شىشىنى چىقىرىپ، «چېن تاغا»نى ئىنتىرىۋېتىپ: «مۇنداق ئىشنى مەن جىق كۆرگەن، يىغىشتۇرۇۋال! مالنى تەكشۈر» دېدىم. «چېن تاغا» مېنىڭ چىرايىمنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، ھودۇقمىغانلىقىمنى كۆرۈپ، ئىشەنمىگەندەك شىشىنى ئېلىپ، بىر نەچچە تال ئېغىزىنى تۆكۈپ، ئۆزى ئالغاچ كەلگەن تالنىراق قەغەز ئۈستىگە قويۇپ ئوت ياقتى، سۇس ئىس چىققاندىن كېيىن، يالتىراق قەغەز ئۈستىدە سېرىق رەڭدىكى بىر نەچچە سۇ تامچىسى كۆرۈندى، بۇ چاغدا «چېن تاغا» چىرايىنى ئېچىپ: ياخشى مال ئىكەن، بۇ مالنى بىز ئالىمىز، ئۇكام بايا ئەدەپسىزلىك قىلدىم» دېدى. ئاندىن بىز باھا تالىشىپ، ئاخىرى «كېلىشىم» تۈزدۇق: ئۇلار ئىككى مىليون 230 مىڭ يۈەن باھا بىلەن مەندىكى سولغا ئايلىنىدىغان ئىككى توننا ئېغىزىنى سېتىۋالىدىغان، 10 كۈن ئىچىدە سودىنى پۈتتۈرىدىغان بولدۇق.

سىچۈەنلىكنى يولغا سالغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارنىڭ ئىككى توننا ئېغىزىنى كۆرۈپ بېقىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويدۇم. مەن «باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەش» ئۇسۇلى بىلەن، تەشكىل ئارقىلىق ئۇرۇمچى ئەتراپىدىكى بىر دورا زاۋۇتىنىڭ ئىسكىلاتىدىكى ئېغىزىنى ئارىيەت ئېلىش قارارىغا كەلدىم. دورا زاۋۇتى بىلەن پۈتۈشكەندىن كېيىن، «چېن تاغا» بىلەن لاۋتەنگە ئىككى توننا ئېغىزىنى كۆرۈپ بېقىش توغرىسىدا تېلېفون بەردىم.

3. ئاينىڭ 20. كۈنى، كېلىشىپ قويغىنىمىز بويىچە ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىغا كېلىپ ئۇلارنى ئۇدۇل دورا زاۋۇتىغا باشلاپ باردىم. ماشىنىدىن چۈشىشىمىزگە، يىراقتىن بىر دوستۇمنىڭ ماڭا قاراپ: «ئاغىنە، ئۇززۇن بولدى كۆرۈنمەيسەن، بۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى قانداق دېلولارنى پاش قىلدىڭ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە ئۇزەمنى تۇتۇۋېلىپ ياسىما قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنلۇك ئاۋازدا: «ئۇزاق بولدى سېنى كۆرمىگىلى، مەن ھېلىلا ئېلىدىن ئۇرۇمچىگە كەلدىم» دېدىم.دە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا: «ماسلىشىپ بەر، مەن دېلو پاش قىلمۇاتىمەن» دېدىم. دوستۇم بىردىنلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، بىز ئىلىدىكى ئىشلار ئۈستىدە سۆزلەشتۇق. بىردەمدىن كېيىن دوستۇم ئىشى بارلىقىنى باھانە قىلىپ مەن بىلەن خوشلاشتى. تەلىيىمگە مېنىڭ ئاۋازىم دوستۇمنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتكەچكە، ئۇچ سىچۈەنلىك دوستۇمنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىيالماي قالدى. ئۇچى جىددىيلىشىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن تېنچلاندى.

دورا زاۋۇتى ئىسكىلاتى ئالدىغا كەلگەندە، مەن ئىشىك باقارغا ئىككى قاناتلىق تۆمۈر ئىشىكنى ئاچقۇزدۇم. ئىسكىلاتتا تۆگەغا قاچىلاقلىق تورغان ئېغىزىن تاقما ئوخشاش دۆۋىلەنگەن تۇراتتى، ئۇ تۆت تۇننىدەك باردى. لاۋتەن بىلەن «چېن تاغا»، «ئۇكا، سەن ھەقىقەتەن باتۇر، قابىلىيەتلىك ئادەمكەنسەن، قايىل بولدۇم، بىز ئەتىلا پۇلنى ئېلىپ كېلىپ مالنى ئېلىپ كېتىمىز» دېدى.

بىز خوشلاشقاندىن كېيىن، ئەھۋالنى ئەترەت باشلىقى ئا ×× غا دوكلات قىلدىم. ئۇ دەرھال: «ئەترەتتىكىلەر بۆلەك كۈتسۇن، ئەتە سودىلاشقان چاغدا يوشۇرۇن سىزگە ئەگىشىپ ماڭىمىز، پەقەت ئۇلار زەھەرلىك بويۇم ئۈچۈن پۇل ئېلىپ كەلگەنلا بولسا، سىز چاپاننى سېلىپ بەلگە بەرسىڭىز، بىز ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇلارنى تۇتىمىز» دېدى.

ئەتىسى چۈشتە، مەن خۇشال بولۇپ «چېن تاغا»نىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. بىراق ئويلىمىغان يەردىن «چېن تاغا» تېلېفون بېرىپ: «بىز مالنى ئالمايدىغان بولدۇق، كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى» دەپ تېلېفوننى قويىۋەتتى. نەپسىم بوغۇلۇپ قالاي دېدى، ئۇلارنىڭ يەنە قانداق ئويۇنى بارلىقىنى بىلمىدىم. ئىلاجىسىزلىقتىن، ئەھۋالنى يەنە ئەترەت باشلىقى ئا×× غا دوكلات قىلدىم. ئەترەت باشلىقى ئالدىرىماستىن: «ئۇلار سىناپ باقماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىپ سەۋرچانلىق بىلەن مېھمانخانىدا ساقلاپ تۇرۇڭ، ئۇلار چوقۇم

كېلىدۇ» دېدى.

باشقا ئامال بولمىغانلىقتىن مېھمانخانىدا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتۈم، بۇ قېتىم 6.5 كۈن ساقلىدىم. بۇنداق ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان ئادەم ئادەم ساقلاشنىڭ ئادەمنى نەقەدەر بىزار قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. سالاھىيىتىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ھېچ قانداق ئادەم بىلەن ئالاقىلاشماي، ياتاقتا يالغۇز تۇردۇم، گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى، ئۇيقۇم كەلمىدى. ئەتراپىمدا چوقۇم دىققەت ـ نەزەرىنى ماڭا تىككۈاتقان ئادەم بار، دەپ ئويلىدۇم.

يەنىلا ئەترەت باشلىقى ئا×× نىڭ ھۆكۈمى توغرا بولۇپ چىقتى. 3. ئاينىڭ 26. كۈنى ياتاقتا تېلېفون كەلدى، تېلېفون ئۇرغان شياۋتەن ئىكەن. مەن ئۇنى تازا تىللىدىم. بىر نەچچە كۈنلۈك ئىچىمنى بوشىتىۋالدىم. ئاخىرىدا تېلېفوندا ۋارقىراپ تۇرۇپ: «سودىنى قىلمايدىغان بولساڭ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئېلىنغا قايتىمەن، ئەمدى مېنى ئىزدىمەڭلار» دېدىم-دە دەر غەزەپ بىلەن تېلېفون تروپكىسىنى قويۇپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە قارشى تەرەپتىن تېلېفون كۈتۈش مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى، بىراق تېلېفوننى ئۈزەم ئۈزىۋەتتىم، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن قايتا ئالاقىلاشماسلىقىدىن راستىنلا ئەنسىرىدىم. تىجارەت قىلىدىغانلارنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا ئاچچىقلانماسلىقىنىڭ نورمال ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. دەرۋەقە، ئىككى سائەت بولا-بولماي، «چېن تاغا» تېلېفون ئۇرۇپ ئىزاھلاپ: بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق، دېدى ھەمدە مەندىن قايتا ـ قايتا كەچۈرۈم سورىدى. مەنمۇ تەگلىكتە قالدىم، ئىككى تەرەپ ئاخىرى چۈشتىن كېيىن رەسمىي سودىلىشىشنى يەنە بىر قېتىم پۈتۈشتۇق.

چۈشتىن كېيىن، «چېن تاغا»، لاۋتەن، شياۋتەن، «مىن ئاكا» ۋە بىر قوغدىغۇچى مەخپىي نومۇرلۇق ئۈچ چامداننى كۆتۈرۈپ مىنىبۇسنى ھەيدەپ مېنى ئىزدەپ كەلدى. مەن ئەترەت باشلىقى ئا×× بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىپ پىلان بويىچە ئۇلار بىلەن بىللە مىنىبۇسقا چىقتىم. ئۇلار مېنى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، مىنىبۇسنى دورا زاۋۇتى ئىسكىلاتى تەرەپكە قاراپ ھەيدىدى. لاۋتەن ئۈچ چامداننى ئاچتى. ئىچىدىن باغلام، باغلام خالىق پۇلى چىقتى. ئۇ: «بۇ ئىككى مىليون 330 مىڭ يۈەن نەق پۇل؛ ئوبدان كۆرۈۋال، بىر دەمدىن كېيىن پۇل بىلەن مالنى سانايمىز» دېدى. مەن خۇشال بولۇپ، دەرھال چاپاننى سالدىم. بىراق شەپە چىقمىدى. مەن بېشىمنى ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا چىقىرىپ قارىدىم، ئەمما ئەترەت باشلىقى ئا×× كۆرۈنمىدى. مەن سەل جىددىيلىشىپ كەتتىم، ئامال قىلىپ ئەترەت باشلىقى ئا×× قاتارلىقلارنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا پۇرسەت تېپىشىم كېرەككىدى، مەن ئەقىل ئىشلىتىپ، چامداننى ئېچىپ پۇلنى ساناشقا باشلىدىم. «ئېلىپ كەلگەن پۇلۇڭلار يېتەمدۇ؟» دەپ سورىدۇم، پۇل كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس نەق ئىككى مىليون 330 مىڭ يۈەن ئىكەن. ئەمما مەن ئۇلار تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئازراق پۇل قەرز ئېلىش باھانىسى بىلەن ئۈچ چامداندىكى پۇللارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتىم، قەستەن «توغرا ئەمەس، پۇل تولۇق ئەمەس، ماشىنىنى تېز توختات، ھەممىمىز پۇلنى بىرلىكتە سانايلى، پۇل تولۇق بولسا ئاندىن ماڭايلى» دېدىم. قارشى تەرەپ قاتتىق چۆچۈپ، ماشىنىنى يول ياقىسىغا توختىتىپ، پۇلنى ساندى، مەن قالايمىقانچىلىقتىن، ئۇلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۈچ چامداندىكى پۇلنى ئېلىشتۇرۇۋەتتىم، ئۇلار ھەر قېتىم سانىغاندا ئوخشىمىغان سان كېلىپ چىقتى.

ئۇلار پۇل ساناۋاتقاندا، بىر ساقچى ماشىنىسى مىنىبۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يۈرۈكۈم جايىغا چۈشتى، ئەترەت باشلىقى ئا×× لار كەلگەنىدى. «چېن تاغا» بېشىنى كۆتۈرۈپ ساقچى ماشىنىسىدىن قوراللانغان بىر نەچچە ئەزىمەتنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ: «ساقچى! بىز ئالدىنىپتۇق» دېدى. مېنىڭ يېنىمدىكى «مىن ئاكا»تۇيۇقسىز چىرايىنى ئۆزگەرتىپ يېنىدىن پارقىراپ تۇرغان خەنجەرنى چىقىرىپ دۈمبەمگە تىقماقچى بولغاندا، ئەترەت باشلىقى ئا×× دەل ۋاقتىدا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ «مىن ئاكا»نى ماشىنىدىن سۆرەپ چۈشتى.

مەن ھېلىقى خەنجەرگە، ئەترەت باشلىقى ئا×× غا قاراپ كۈلۈمسىرەپ: ئازراق كېچىككەن بولسىڭىز مەن شەرەپلىك ھالدا قۇربان بولۇپ كەتكەن بولاتتىم» دېدىم. ئەترەت باشلىقى كەسكىن ھالدا: «سىز مىنىبۇسقا چىققاندىلا خەتەرلىك ئىدى، مېھمانخانىنىڭ سىرتىدا بەزىلەر سىزگە دىققەت قىلىپ تۇرغان، ئۇلار ساقچى ماشىنىسىنى كۆرۈپ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ لاۋتەنگە چاقىرغۇ بېرىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلماقچى بولغاندا، بىز بايقاپ قىلىپ تۇتۇۋالدۇق. لاۋتەن چاقىرغۇنى قوبۇل قىلغان بولسا، سىز چوقۇم «شەرەپلىك» ھالدا قۇربان بولغان بولاتتىڭىز، دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېنىم شۈركەندى. ئەترەت باشلىقى ۋە سەبداشلىرىمنىڭ باتۇرلۇقى ۋە چۈەرلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)

# پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەڭگۈ پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىمىز

## خېجىڭ ناھىيىسى بارۇن خارمۇدۇن يېزىسىدىكى 221 نەپەر ئۇيغۇر ئامىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن يېزىلىق پارتكومغا يازغان خېتى

*تەھرىر ئىلاۋىسى: يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىدىغان بىر قاتار بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى يۈز بېرىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ جىنايى قىلمىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. خېجىڭ ناھىيىسى بارۇن خارمۇدۇن يېزىسى بېلىچىر كەنتىنىڭ 1 ـ گۇرۇپپىسىدىكى 221 نەپەر ئۇيغۇر دېھقاننىڭ يېزىلىق پارتكومغا يازغان خېتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقىنى، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئىنتايىن يېتىم ئىكەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى چىن قەلبىدىن قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ نۇرلۇق فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. بۇ، بىزدە تەڭداشسىز مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساس بارلىقىنى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنىڭ چوقۇمنىڭ دەرەخنى لىڭشىتىشقىلا ئوخشاش ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇزىنى ھالاكەتكە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدى.*

يېزىلىق پارتكومغا:

گۇرۇپپىمىز كەبدۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى تىنچى قولايسىز، ئۇچۇر يولى راۋان ئەمەس، ئۇزۇن مۇددەتتىن بۇيان، ئىقتىساتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىنتايىن ئاستا بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، ئىشلەپچىقىرىش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى، تۇرمۇشىمىز ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 1996 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، يېزىلىق پارتكوم يەنە گۇرۇپپىمىزغا توك تارتىپ بېرىپ، ياغ چىراق يېقىش تارىخىغا خاتىمە بەردى، تۇرمۇشىمىزدا جاھاننى زىل ـ زىلىگە سالىدىغان ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بەردى.

گۇرۇپپىمىز ئۇيغۇر ئاممىسىنى ئاساسى گەۋدە قىلىدۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەلدى، بارلىق ئاممىنىڭ پارتىيىگە بولغان ئىشەنچىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىمىز ھەر قانداق ۋاقىتتا تەۋرىنىپ قالمايدۇ. بىز پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەڭگۈ پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىمىز. يېقىندىن بۇيان، بىر قىسىم جايلاردا ۋەتەننى پارچىلايدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنسىز ۋەقەلەر يۈز بەردى.

گۇرۇپپىمىزدىكى ئامما ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ بۇ ۋەقەگە ئىنتايىن غەزەپلەندۇق ۋە كۈچلۈك قارشى تۇردۇق، ئامما گۇرۇپپا كادىرلىرىدىن يېزىلىق پارتكومغا ئىنكاس قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پاتكومدىن مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، قاتتىق، تېز، ئېغىر زەربە بېرىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشنى تەلەپ قىلدۇق. گۇرۇپپىمىزدىكى ئامما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتتە قوللانغان بارلىق تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز. بىزنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى پارتىيە بەردى، بۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ ۋەقە ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسى خەۋپنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەردىن كېلىدىغانلىقىنى بەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق تونۇپ يەتتۇق. بىز ھەر قانداق ۋاقىتتا بايرىقىمىز روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمىز.

گۇرۇپپىمىزدىكى بارلىق ئاممىنىڭ ئورتاق نىشانى: جياڭ زېمىن باش شۇجى باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە قەتئىي بويسۇنۇپ ۋە ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، پارتىيىنىڭ ئاساسى لۇشيەنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ھىمايە قىلىمىز؛ تىرىشىپ ئىشلەپ، نۆۋەتتىكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ۋە ئەلا نەتىجىلىرىمىز بىلەن شياڭگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ۋە پارتىيىنىڭ 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتىۋالىمىز.

خېجىڭ ناھىيىسى بارۇن خارمۇدۇن يېزىسى بېلىچىر كەنتىنىڭ 1 ـ گۇرۇپپىسىدىكى 221 نەپەر ئۇيغۇر ئامما.

ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)

# بەدىنىگە گۈل چېكىلگەن ئادەمنى قوغلاش

دىڭ چۈن، لىيۇ شياۋجىڭ

1996- يىل 10- ئاينىڭ 3- كۈنى سائەت 10 ئەتراپىدا، كورلا شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتى ئاۋات يېزىسى خەنزۇلار ئەترىتىدە پىچاق كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يىن جيەنجياڭ، جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جاۋ شىبىڭ دەرھال قاۋۇل كادىر، ساقچىلارنى تەشكىللەپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ياش دېھقان جىڭ يىڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ نەق مەيدانىنى تەكشۈرۈپ، ئاللىقاچان تىنىقى توختىغان جىڭ يىڭنىڭ تېنىنىڭ 10 نەچچە يېرىگە پىچاق تىقىلغانلىقىنى، قانغا بويالغان ھالدا كارىۋاتنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە تايىنىپ يىقىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. جىڭ يىڭنىڭ ئايالى يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: كېچە سائەت ئۈچتە، مەن بىر كۈن ئىشلەپ چارچاپ كەتكەن جىڭ يىڭ بىلەن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە، بىرسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇلۇقتا چىراقنى ياندۇردۇق. 10 نەچچە كۈندىن بۇرۇن شەرقىي ۋوگزالدىن ياللاپ كەلگەن ئۇرۇقراق ئوت باش ۋاقىتلىق ئىشچى ئېتىلىپ كارىۋات يېنىغا كەلدى، ئەمدىلا ئويغىنىپ ئولتۇرغان جىڭ يىڭ ئىنكاس قايتۇرغىچە ئۇلار پىچاق تىقىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، يوتقان بىلەن مېنى ئوراپ كارىۋات كىرلىكى بىلەن يۆگەپ... قولۇمدىن باغلىۋەتتى، ئاندىن ئىشكاپلارنى ئاختۇرۇپ ئىچىدىن 950 يۈەن نەق پۇلنى ئېلىپ تېزلىكتە قېچىپ كەتتى. تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاش، رەتكە تۇرغۇزۇش، زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، تۆت نەپەر جىنايەتچى ئۆزلىرىنى «جاباۋجياڭ، لىيۇ يىڭ، جاۋ شىڭ، شاۋلىزى» دەپ ئاتىۋالغان باۋۇز قاتىللار بولۇپ، ئەسلى يۇرتىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئەزەلدىن تىلغا ئېلىپ باقمىغان. ئۆلگۈچى جىڭ يىڭنىڭ يېزىسى: بۇلارنىڭ بىرسى ئۆزىنى سانجى سەنگۇڭ يېزىسى شىخۇ رايونى 5- ئەترەتتىكى ياڭ خېيۇيىنىڭ قېينى ئىنىسى، دېگەن، يەنە بۇ تۆتىسى پىچان خۇاشيا مېھمانخانىسىدىكى جۇ گۇخۇا ئىسىملىك بىر خوجايىن ئۈچۈن قوغۇن يۆتكىشىپ بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغان، دېدى. بۇ دەل ئالتۇن كۈزنىڭ تارا قاتىلاڭ مەزگىلى بولۇپ، كەنتتىكىلەر بىلەن تۆت جىنايەتچىنىڭ ئارىلىشىشى كۆپ بولمىغاچقا، تۇرغۇن ئادەملەر بۇ جىنايەتچىلەر بىلەن سۆزلىشىپ باقمىغاچقا، قىممەتلىك بار يىپ ئۇچى چىقىرالمايدۇ.

ئىشنى كېچىكتۈرگىلى بولمايتتى، چۈنكى جەڭدە ئەڭ مۇھىمى چاققانلىق ئىدى. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى بىر تەرەپتىن، ساقچى كۈچىنى كورلىدىكى ھەرقايسى چوڭ بولۇڭچىلار توشۇش بېكەتلىرى، ۋوگزاللار ۋە مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىنى تېزگىنلەشكە ئورۇنلاشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىنى سانجى، پىچان قاتارلىق جايلارغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايىدا تەكشۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتتى ھەمدە



جىنايەتچىلەرنىڭ تەقلىدى سۈرىتىنى سىزىپ چىقتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۇڭ خەي بىلەن ئۇنىڭ سەبداشلىرىدىن ساۋ شىندۇڭ، سانبايىر قوغلاپ تۇتۇش سەپىرىگە ئاتلاندى. قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، سانجى شەھىرىنىڭ سەنگۇڭ يېزىسىغا باردى. لېكىن ئۇ يەردە شىخۇ 5 ـ ئەترەت ۋە سەنگۇڭ يېزىسىدا ياڭ خەيۈن دېگەن ئىسىملىك ئادەم ياكى بۇ ئىسىمغا ئاھاڭداشلىقى يېقىنراق بولغان ئادەم تېپىلمىدى. سانجى ساقچى تارمىقى ھەمكارلىشىپ تەكشۈرۈش ھاۋالە قىلىنغاندىن كېيىن، قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى يەنە داۋاملىق ئىلگىرلەپ پىچانغا يېتىپ باردى. خۇددى ئالدىن مۆلچەرلىگىنىدەك پىچاندىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىلەن سانجىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئوخشاش چىقتى. پۈتۈن ناھىيىدىكى چوڭ ـ كىچىك مېھمانخانىلار، سارايلار ۋە رېستورانلارنىڭ ھەممىسى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، «خۇاشيا» دەيدىغان مېھمانخانا چىقمايدۇ. دېمەك غىچ يالغان بولۇپ چىقتى، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئىسمى توغرا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ قارىماققا، قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى يولۇققان يېشى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ تۆت جىنايەتچى ھىلىگەر، قۇۋ، مۇغەمبەر قاتىللاردەك قىلىدۇ، ئۇلاردا بۇرۇنلا پىلان بولغان، شەرقتىن شەپە بېرىپ قويۇپ، غەربكە ھۇجۇم قىلىپ، راست بىلەن يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ، مەقسەتلىك ھالدا نۇرغۇن گۇمانلىق نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ قويغان. 10 ـ ئاينىڭ 9. كۈنى، قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى كورلىغا تېزلىكتە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا، گەنسۇلۇق بىر بوۋاي بىر مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەپ: مەن تۆت نەپەر قاچقۇن جىنايەتچى بىلەن پاراڭلاشقان، ئۇلارنىڭ تىل شىۋىسىدىن قارىغاندا ئۇلار ۋۇ ۋېيلىقتەك قىلىدۇ، دېگەن. بەزىلەر تۆت جىنايەتچىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن: تۇتۇشقا قارشىلىق قىلىپ يۈرگەن جىنايەتچى جاۋ باۋ جياڭ بىلەن ليۇ بېگىنىڭ بەدىنىدە چېكىلگەن گۈل بار، جاۋ باۋجياڭنىڭ سول بېلىكىگە ئەجدىرھا، كۆكرىكىگە بۆركۈت، دۈمبىسىگە قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان كېپىنەك چېكىلگەن. جىنايەتچى شياۋلىزى (كىچىك ئىسمى خۇزى)نىڭ غەلىتە كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، تۆت جىنايەتچى ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچى بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان مۇقىم يېرى يوق، جىنايەت سادىر قىلغاندىن كېيىن بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىش ئېھتىمالى بار، دەپ قارايدۇ. قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى باش كادىر ـ ساقچىلارنىڭ تاللىغىنىدەك يولى قالمىغانىدى، ئۇلار ئۇچۇن بىرلا يول باردى، ئۇ بولسىمۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئەسلى يۇرتىغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئىدى، ئۇلارنىڭ يۇرتىدا ئىز قالدۇرماسلىقى مۇمكىن ئەمەسىدى. 10. ئاينىڭ 14. كۈنى، قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى پويىز بىلەن شەرققە قاراپ ئىككىنچى قېتىم يولغا چىقىدۇ. ئۇلار يەتكىل سەپەر قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ زىممىسىدىكى يۈك، بېسىم تولىمۇ ئېغىر ئىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كۈنلە دېگۈدەك ج خ ئىدارىسىغا كېلىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇردى، چىڭ پىڭنىڭ ئايالىنىڭ يېشى قورۇمىدى، دېھقان قېرىنداشلار تىت ـ تىت بولۇشتى، تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشتى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ھاۋالىسى ۋە ئىشەنچىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا ئىدى. بۇ قېتىمقى ۋەزىپە دېگىزدىن يىڭنە ئىزدىگەنگە ئوخشاش مۇشكۈل ئىدى، چوقۇم قانائەتلىنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشمىسە بولمايتتى، ئۇلار مەقسىدىگە يەتمىگىچە جەڭنى توختىتىپ قويسا بولمايتتى.

ۋۇۋېي ۋىلايىتى ئۈچ ناھىيە، بىر شەھەر، سەككىز بازار، 150 يېزىدىن تەركىب تاپقانىدى. قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار، چىقىۋاتقان شىۋىرغانغا قارىماي، يەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، بارلىق نوپۇس ئارخىپلىرىنى، ئالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى، شۇنىڭدەك ۋۇ ۋېي ۋىلايىتىدە قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىلەرنىڭ ئىسىملىكى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ جەمئىي 50 تىن ئارتۇق جاڭ شىڭ، ليۇ پىڭ ئىسىملىكلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. ئەمما ھەرقايسى جايلارنى ئايلىنىپ، جاپا چېكىپ ئىشلەپ، 50تىن ئارتۇق ئادەم بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ، بىرمۇ ـ بىر دەلىللەپ چىققاندىن كېيىن يەنىلا ئۇلارنى گۇماندىن ساقىت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۇڭ خەي قاتارلىقلار قاتتىق چارچىغىنىغا، قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئاغرىپ قالغىنىغا قارىماي، ھەرقايسى سولاقخانا، ئىككىنچى پونكىت، زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزۇش ئورنى، ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنى باشقۇرۇش ـ تەربىيىلەش ئورنى ھەمدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترەتلىرىگە بېرىپ، قاماقتىكى بارلىق ئەيىپكارلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئارىسىدىن يەتتە نەپىرىنىڭ جىنايەتچى جۇ، ليۇدەك بەدىنىگە گۈل چېكىلگەنلىكىنى بايقايدۇ. لېكىن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەممىسىنى گۇماندىن ساقىت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يىپ ئۇچى ئۈزۈلۈپ

قالىدۇ، نىشان بوقۇلۇپ قالىدۇ.

يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرگەندىن كېيىنمۇ ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ياش كادىر ـ ساقچىلار تىت ـ تىت بولىدۇ، قاتتىق چارچايدۇ. ئەمما مەيۇسلەنمەيدۇ، روھسىزلانمايدۇ. ئۇلار دېلونى سوغۇققانلىق بىلەن تەھلىل، تەتقىق قىلىپ: بىر مەزگىل ئىنچىكە ئىز قوغلاپ سۈرۈشتۈردۇق، قىلغان ئەجرىمىز بىكار كەتمىدى، جاپاغا چۈشلۇق نەتىجە بوق دېگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بىر نەچچە قېتىم تەپسىلىي، ئىنچىكە ئىز قوغلاپ بۇرۇپ تەكشۈرگەن بولسىمۇ جىنايەتچىلەرنى چىلىقتۇرالمايدۇ. ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ئۇلار جىنايەتچىلەر ۋۇ ۋېيغا قايتىپ كەلمەيتۇ، ئىچكى جايلارغىمۇ قېچىپ كەتمەيتۇ، دەپ جەزىملەشتۇرىدۇ. ئەمما ۋۇ ۋېي كوچىسىدا «خۇاشيا» مېھمانخانىسىنى كۆرۈپ، تۆت جىنايەتچىنىڭ ۋۇ ۋېيلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ دەلىللەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمەتنىڭ دوپپىسىنى سەمەتكە كەيگۈزۈش ھىلىسى ئۇلارنىڭ پىچان بىلەن بىر خىل سىرلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئاشكارلايدۇ. ئۇلار مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا دېلو ئەھۋالىنى خۇددى غەلۋىردىن ئۆتكۈزگەندەك ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، ئۇزئارا ماسلىشىپ، تۆت جىنايەتچى پىچاندا لو كېشىن ئىسىملىك بىرسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانلىقىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار تەجرىبىسى ۋە ئىرادىسىغا تايىنىپ، بۇ جىنايەتچىلەر پىچاندا، دەپ بېكىتىدۇ. كورلىدا دېلونى شەخسەن ئۆزى تۇتۇپ بېجىرىۋاتقان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بىن جيەنجياڭ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ: «پىچانغا بېرىپ جىنايەتچىلەر يوشۇرۇنۇۋالغان جايلارنى بىرمۇ ـ بىر ئاختۇرۇپ، ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈڭلار» دەپ تېلېفون بېرىدۇ.

قوغلاپ تۇتۇش گۈرۈپپىسىدىكىلەر ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيگە قاچان قايتىپ بارالايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى، ئۇلار خەلقنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قانچىلىغان دەم ئېلىش كۈنلىرىنى قۇربان قىلغانلىقىنى، قانچە قېتىملاپ بالا ـ چاقىلىرىنىڭ «سوغۇق» مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ كەسپىي ئۇلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خالىس تۆھپە قوشۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ چاغدا ئۇلار سۈكۈتكە چۆمگەن ھالدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى، ھەتتا بىر ـ بىرىگە قىيا باقماي گويا بىر مەبۇتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى، بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭگە تەييارلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يوپىزدىكى رادىئو كانىيىدىن: «غەرىبىي رايون ساقچىلىرى» دېگەن فىلىمنىڭ ئاساسىي ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى:

تۇرار مەزمۇت قورام تاشلار، سەددىچىندۇر ئۇ،
ياتار ھەريان شامال قۇملار، باباۋاندۇر ئۇ.
ھايات تەختىدە مەزمۇت مەغرىپ ئەزىمىتى،
ئىقلىم تامان يوللار ئەجەل، ئەرۋاھلارغا ئۇ.

قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى يىلبويى ھېرىپ ـ چارچاپ دېگەندەك پىچانغا يېتىپ كېلىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ نوپۇس تىزىملىك دەپتىرىنى ئاختۇرۇپ، لو كېشىن ئىسىملىك بىرسىنى تاپالمايدۇ. بىراق ئۆتكەن قېتىم ئىزدەپ تاپالمىغان ھېلىقى «خۇاشيا مېھمانخانىسى» دېكى جوڭخۇانى تاپىدۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى جيا جوڭخۇا بولۇپ، لۈكچۈن بازىرىدا قوغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چوڭ ئائىلە ئىدى. لو كېشىن ـ جوڭخۇا ـ جيا جوڭخۇا ـ لۈكچۈن، بۇ، تۆت جىنايەتچى ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن ھىلە ئىدى، ئادەم ئىسمى دەپ قارالغان لو كېشىن روشەنكى لۈكچۈننىڭ يەر نامى ئىدى. مۇرەككەپ مەسىلە ئاخىرى ئايدىڭلاشتى، ئۇلار ئاخىرى: بۇ تۆت جىنايەتچى لۈكچۈن بازىرىغا يوشۇرۇنۇۋالغان، دەپ جەزىملەشتۇردى، جىنايەتچىلەر جىنايەت سادىر قىلغاندىن كېيىن ئادەتتىكى قانۇنىيەت بويىچە ئاشكارىلانمايدۇ دەپ قارىغان كونا جايغا يوشۇرۇنۇۋالاتتى.





لۈكچۈندىن جيا جۈگخۇا تېپىلىدۇ. ئۇ: بۇ تۇت جىنايەتچىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، ھەتتا ئۇرۇق كەلگەن. بەدىنىگە گۈل چېكىۋالغان بۇ تۇت ۋۇ ۋېيلىقنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن دەپ تۇرىۋالىدۇ. كادىر - ساقچىلار تۇت جىنايەتچىنىڭ سۈرىتىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا: ئۇقمايمەن، دەيدۇ. بىپ ئۇچى مۇشۇنداقلا ئۈزۈلۈپ قالارمۇ؟ بۇ بىر گۇمانمىدۇ؟ ياق، جيا جۈگخۇا يىراق، يېقىندا نامى بار چوڭ ئائىلە. جىنايەتچىلەر ئۇنى بىلمەي قالمايدۇ، شۇڭا جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدىكى، لۈكچۈن ئۇلارغا تونۇش بولغان، ئۇلار ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان كونا جاي. چۈنكى، ھازىر ئۇلارنىڭ يەنىلا بۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى شەكسىز ئىدى. چوڭقۇر قېزىپ ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پۈتۈن بازاردىكى 30تىن ئارتۇق قوغۇن تېرىغۇچى ئائىلىنى زىيارەت قىلىدۇ، ئىنچىكە كۆزىتىدۇ، ئەمما ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. ساقچىلار ئارام ئالماستىن، سىرتتىن كېلىپ ئىشلەۋاتقان ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ داۋاملىق تەكشۈرىدۇ.

خىزمەتكە ماسلىشىۋاتقان شۇ يەرلىك ساقچىخانىنىڭ ئەمدىلا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن باشلىقى جۇ×× ئۇلارنىڭ چىداملىق روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ تەكشۈرۈشكە كىرىشىدۇ. دۇڭ خەي تۇت نەپەر جىنايەتچىنىڭ بەدەن تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بىلەن دېلو سادىر قىلىش ۋاسىتىسىنى قايتا-قايتا تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. ئاخىرى ساخچىخانا باشلىقى جۇ×× ئۇلارنىڭ ئىلھامى بىلەن تويۇقسىز 10. ئاينىڭ 8. كۈنى بېرىم كېچىدە تۇت نەپەر گەنسۇلۇقنىڭ ھۇددىگەر خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقىنى، شۇ كۈنى ئۇ ئىز قوغلاپ تۇت نەپەر جىنايەتچىنى تۇتقانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۇت نەپەر ئادەمنىڭ جۇ باۋجياڭ، ليۇ شىنپىڭ، جاڭ شۇ، لى بېيخۇ بولۇپ، لى فامىلىلىك جىنايەتچىنىڭ كىچىك ئىسمىنىڭ خۇزى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن قىلىنى قىرىق يارغاندەك كۈچ سەرپ قىلىنغان دېلو ئىدى. كەسپىي جەھەتتىكى سەزگۈرلىكنى جىققىش قىلغاندا، ئىككى دېلونى ئوخشاشلا مۇشۇ بىر جىنايەتچىلەر گورۇھى سادىر قىلغان ئىدى.

ئۇلار ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى چوڭ ئەترىتىدىكى يولداشلارنىڭ ھەمرالىقىدا، سولاقخانىغا بېرىپ جۇ باۋجياڭ، ليۇ شىنپىڭنى سوراق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بەدىنىگە ئەجدىھار، بۆركۈت، كېپىنەك چېكىلگەنلىكىنى ۋە جۇباۋجياڭ ليۇ شىنپىڭنىڭ تامامەن ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ. سوراق جەريانىدا، سولاقخانا باشلىقى دۇڭ خەي قاتارلىقلار ئۇزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇشتۇمتۇت ئاشكارىلايدۇ ۋە: «بىز كورلىدىن كەلگەن» دېگەننى قوشۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر جىنايەتچى غالىلداپ تىترەپ ھالسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشكىلى قىل قالىدۇ. سولاقخانىدىكى سوراقتا تۇت جىنايەتچى كورلىدا ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى سېزىلىپ قالمىغانلىقىدىن خۇشال بولىدۇ، كورلىدىكى ماھىر جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بىردىنلا جىنايەتچىلەرنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى جىنايەتچىلەر ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. جىنايەتچىلەر بۇ چاغدا كورلىدا سادىر قىلغان خۇن دېلوسىنى يوشۇرۇپ قالالمايلا قالماستىن، بەلكى سەككىز قېتىم بۇلاڭچىلىق دېلوسى سادىر قىلغانلىقىنىمۇ ئىقرار قىلىدۇ. ئۇلار ھازىر قانۇننىڭ قاتتىق جازاسىنى كۈتمەكتە.

قەدىمقىلار «ھىلىگەر تۈلكە زېرەك ئوۋچىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دەپ ناھايىتى ياخشى ئېيتقان ئىكەن.

ئەخمەت راخمان (ت)

# دوزاقتىكى ئوتۇش

ياڭ شەنمىڭ

8 ـ ئايدا، سالغا تېشىدەك چوڭلۇقتىكى بۇ كىچىككىنە ئىشلەپچىقىرىش لېەندۈيىدە ئارقا ـ ئارقىدىن سەككىز قېتىم ئوت قويۇش دېلوسى، بىر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈش دېلوسى يۈز بەردى.

كىشىلەر بىر مەھەل چۆچۈدى، ھودۇقتى، «ئوت ئالۋاستىسى»نىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىردى.

1995 ـ يىل 28 ـ نويابىر كەچ. بېزا ئىگىلىك 7 ـ دۈيىزبىيە 130 ـ نۇمۇر 3 ـ لېەننىڭ ئىشخانىسى يورۇق ئىدى. لېەنجاڭ ۋۇزۇگىلىن بىر كۈن ئالدىراش ئىشلەپ چارچاپ ھالىدىن كېتىپ ئۆزى يالغۇز ئىشخانىسىدا جىم ـ جىت دەم ئېلىۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت ئىشخانا ئىشىكى ئېچىلىپ يېشى 30غا بارمىغان بىر ئەر كىشى كىرىپ كەلدى ـ دە، ۋۇلېەنجاڭنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى كۈتمەيلا ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن: «ۋۇلېەنجاڭ، بەك چارچاپ كېتىپسىز، بەدىنىڭىزنى ئۇۋۇلاپ قوياي، ھاردۇقىڭىز چىقىپ قالىدۇ» دەيدۇ. ئۇ ۋۇلېەنجاڭنى كارۋاتقا ئارتىپ كېلىپ ياتقۇزۇپ ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. بۇ ئادەم ئىككى قولى بىلەن ۋۇلېەنجاڭنىڭ بەدەن ئۇگىلىرىنى قىسىپ ئۇۋۇلايدۇ، ۋۇلېەنجاڭ بىر پەس ھوزۇرلىنىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك ھىس قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا «مۈگدەپ» قالىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ياش ئەر كىشى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ بىر پارچە خىش پارچىسى بىلەن ۋۇلېەنجاڭنىڭ باش قىسمىغا قەھرى بىلەن بىر قانچىنى ئۇرۇدۇ. ئۇ ۋۇلېەنجاڭ ئۆلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ۋۇلېەنجاڭنىڭ كارنىيىنى تۆمۈر سىم بىلەن بوغۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ جەسەتنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئىزنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، كونا نەيرىگىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئوت قويماقچى بولۇپ، سۇلياۋ چەينەكتىكى بېنزىننى جەسەتنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ ئوت يېقىۋېتىپ نەق مەيداندىن قېچىپ كېتىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئىشخانىدىكى ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپنى ئىس ـ تۈتەك قاپلايدۇ. يان تەرەپتىكى ئۆيدىكىلەر ئالاقزادىلىك بىلەن ئىشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋۇلېەنجاڭنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى، پۈتۈن بەدىنى كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈدۇ. . . .

بۇ، جىنايەتنىڭ بىر پەردىسى بولۇپ، جىنايەتچىنىڭ 8 ـ قېتىم دېلو سادىر قىلىشى ئىدى.

دېلودىكى جىنايەتچىنىڭ تۇنجى قېتىم دېلو سادىر قىلغان ۋاقتى 1994 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ 500 مىللىلىتىرلىق ئىسپىرتنى ئېلىپ خۇددى ئەرۋاھتەك لېەندۈينىڭ مالىيە ئىشخانىسىغا يوشۇرۇن كىرىپ ئۈگزىگە چىقىپ، ئىسپىرتنى ئۈگزىدىكى قومۇش دۈۋىسىگە تۆكۈپ ئوت يېقىۋەتكەندىن كېيىن نەق مەيداندىن تېزلىكتە ئايرىلغان. ئاتلىق ئۇيقۇدىكى كىشىلەر «ئوتتى ئۈچۈرەيلى» دېگەن ئاۋازلاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. كىشىلەر خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ئوت بىلەن ئېلىشىدۇ. لېكىن ئوت بەك شىددەتلىك بولغاچقا ئۈچۈرۈۋېلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ، كىشىلەر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئىككى ئېغىز ئىشخانىنىڭ ئوت يالقۇنىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈدۇ. بۇ جىنايەتچى تېخىمۇ زور قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۈچۈن، شۇ ئاخشىمى سائەت 11لەردە ئامبۇر، سەرەڭگە ئېلىپ ماي ئىسكىلاتىغا بارىدۇ. ماي ئىسكىلاتىنىڭ ئۈگزىسىدىكى تۆڭلۈكنى قايرىپ ئېچىپ ئىسكىلاتقا چۈشىدۇ، ماي باكىدىكى سەلەركىنى ئېچىۋېتىپ بىر دانە ئىش كىيىمىنى ئېلىپ مايغا چىلاپ تۆڭلۈكنى ئېسىلىپ چىقىپ ئىش كىيىمگە ئوت يېقىپ ئىسكىلاتقا تاشلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر ئوت ئۆچۈرۈشكە كەلگەن بولسىمۇ ئىسكىلاتتىكى 7219 كىلوگىرام سەلەركە ئاللىقاچان يالقۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئوت 50مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى لېەندۈينىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ شۈبھىسىزكى جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن قەبىھ ۋەقە ئىدى.

جىنايەتچى ج خ خادىملىرىنىڭ قوغلاپ تۇتۇشىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، مۇغەمبەرلىك بىلەن «دوستلۇق ئۈچۈن قۇربان بېرىدىغان» دەك «قېيناق ھېيلىسى»نى ئويتتۇرىغا چىقارغان ئىدى. ماي ئىسكىلاتنى كۆيدۈرۈۋېتىپ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت تۆت ئەتراپىدا، جىنايەتچى بېنزىن ۋە سەرەڭگە ئېلىپ ئۆزىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق بولغان ئاغىنىسى ليۇ×نىڭ ئۆيى ئەتراپىغا بېرىپ، ئەتراپتا ئادەم يوقلىقىنى كۆرۈپ، سۇلياۋ تۇڭدىكى بېنزىنني ليۇ ئائىلىسىنىڭ بىر دۆۋە ئوتۇنىغا چېچىپ ئارقىدىنلا ئوت قويۇۋېتىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرگەن بولسىمۇ، زور ئوت ليۇ ئائىلىسى دۆۋىلەپ قويغان ئوتۇنلىرىنىڭ بىرىمىنى دېگۈدەك كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. جىنايەتچى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ساختىنا قىيابەتنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئۈچۈن، بىر ھەپتە ئارىلىقتا «قېيناق ھېيلىسى»نى يەنە بىر قېتىم ئىشقا سېلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچلەردە، ئوخشاش ۋاسىتە قوللىنىپ ليۇ× ئائىلىسىنىڭ يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ دۈۋىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ليۇ× ئائىلىسى ئىككى قېتىم ئوت ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئوتۇن ۋە ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەكلىرى كۆيۈپ كېتىدۇ، ئۇ ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى ئاغىنەم دەپ يۈرگەن دوستى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان.

جىنايەتچى ئۈچىنچى قېتىم ئوت قويغاندىن كېيىن، ج خ ئورگانلىرى دېلو پاش قىلىش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇدۇ. رەھبەرلەر بىۋاسىتە نەق نازارەتچىلىق قىلىدۇ، تەھلىل قىلىپ: ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت قېتىم ئوت قويۇش





دېلوسىنى بىر ئادەم سادىر قىلغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مۇشۇ 3 ـ لىيەننىڭ ئادىمى، دەپ قارايدۇ. ھىيلە ـ مىكىرىسى كۆپ جىنايەتچى ج خ خادىملىرىنىڭ نەزەرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كەچتە 3 ـ لىيەننىڭ ئاھالىلار ئولتۇراق رايونىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بۇ ئائىلىسىنىڭ ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ× سىرتقا ھاجەتكە چىقىپ ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئوتۇن، ئوت ـ چۆپ دۆۋىسىگە ئوت كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئوت ئۆچۈرۈشكە چاقىرىدۇ. 3 ـ لىيەندۇيدە دېلو پاش قىلىش ئۈچۈن جىددى كۆرەش قىلىۋاتقان ج خ خادىملىرى دەرھال نەق مەيدانغا كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدۇ. ئوت ئۆچۈرۈۋېلىنغاندىن كېيىن، ج خ خادىملىرى نەق مەيداننى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، نەق مەيداندىن بېنزىن قاچىلانغان «كۆيتۈن ئالى ھارىقى» بوتۇلكىسىنى تېپىۋېلىپ، ئۇ جىنايەتچى دېلو سادىر قىلغاندا نەق مەيداندا چۈشۈرۈپ قويغان بوتۇلكا دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. جىنايەتچى باشقىلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىدىن ج خ خادىملىرى نەق مەيداندا بىر ھاراق بوتۇلكىسىنى تاپقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بارماق ئىزىنىڭ بوتۇلكىدا قالغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ يەنە ساختا قىيابەت ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئارقىلىق ج خ خادىملىرىنىڭ دېلو پاش قىلىشىنى قالايمىقانلاشتۇرماقچى بولۇپ، 130 ـ لىيەن ساقچىخانىسىغا: «ئوتنى مەن قويدۇم، بوتۇلكىنى باشقا يەردىن ئوغرىلىدىم، بوتۇلكىنىڭ ئىگىسىنى سوئال قىلماڭلار، سىلەر مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان چېغىڭلاردا مەن ئاللىقاچان ئىچكىرىگە كەتكەن بولىمەن...» دېگەن مەزمۇندا بىر پارچە نامسىز خەت يازىدۇ. زېرەك ج خ خادىملىرى بىر قاراپلا جىنايەتچىنىڭ نامسىز خەت يېزىپ ئۇنەڭ بويىچە تاشلىغانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن دېلو پاش قىلىش يۆنىلىشىنى ئىچكىرىگە بۇرىمەي، ئەكسىچە تېخىمۇ ئىشەنچ بىلەن جىنايەت گۇماندارى مۇشۇ يەردە، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

جىنايەتچى بەشىنچى قېتىم ئوت قويغاندىن كېيىن، قارامىلىق قىلىشقا پېتىنالماي، دېلو سادىر قىلىشنى توختىتىدۇ. لېكىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ كېتىدۇ، جىنايەتچى ج خ ئورگانلىرىنىڭ ئۇنىڭ جىنايەت پاكىتلىرىنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالايمەن دەپ قاراپ، يەنە غالجىرلىشىپ، 1995 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ ۋە 30 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم ئىككى ئائىلىنىڭ ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت قويۇۋېتىدۇ. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى كەچتە، ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، لىيەندۇينىڭ ئىشخانىسىغا ئوسۇپ كىرىپ ۋۇلبەنجاڭنى ياۋۇزلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىپ جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ....

ج خ ئورگانلىرى ئوت قويغان، ئادەم ئۆلتۈرگەن ياۋۇز ئالۋاستىنى تېز تۇتۇش ئۈچۈن، ئىزدەش، دەلىل ـ ئىسپاتلارنى توپلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇلار «كۆيتۈن ئالى ھارىقى» بوتۇلكىسىدىكى بارماق ئىزى بىلەن نامسىز خەتتىكى يېزىقنى ئىلمىي ھالدا سېلىشتۇرۇپ، بېكىتىپ، بوتۇلكا ئۈستىدىكى بارماق ئىزىنىڭ نيەن خۇگېنىڭكىنىڭ ئىكەنلىكىنى، نامسىز خەتتىكى يېزىقنىڭمۇ نيەن خۇگېنىڭكىنىڭ يېزىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئوت قويغان، ئادەم ئۆلتۈرگەن ياۋۇز ئالۋاستى نيەن خۇگېنىڭ ئاخىرى قانۇن تورىغا چۈشىدۇ.

نيەن خۇگېنىڭ 3 ـ لىيەننىڭ سەھىيە خادىمى. ئۇ نېمىشقا ئەسەبىيلىك بىلەن ئوت قويىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن، ئادەم ئۆلتۈرىدۇ؟ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن گەپنى ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلىشىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. 1993 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ۋۇزۇگۈلىن 3 ـ لىيەن پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان، بۇ چاغدا لىيەن سەھىيە داۋالاش بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىۋاتقان نيەن خۇگېنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىغا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى تاپشۇرىدۇ. بىر مەزگىل سىناش ئارقىلىق، ۋۇزۇگۈلىن نيەن خۇگېنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سۆزىگىنى ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، نيەن خۇگېدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان مەسىلە بار، دەپ قاراپ، ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان چاغدا، ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىشكە قوشۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەن. نيەن خۇگېنىڭ قارا نىيىتى كۆپۈككە ئايلانغان، ئۇ بۇ، ۋۇزۇگۈلىننىڭ قىلغان ئىشى، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلىغان. ۋۇزۇگۈلىندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوت قويۇش ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، لىيەندۇينىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە نورمۇش تەرتىپىنى بۇزۇپ، 3 ـ لىيەننى قالايمىقان قىلىشقا، غۇلغۇلىنىشقا،



ۋۇزۇگۈلىننى ئاۋارىچىلىققا سېلىشقا، يۇقىرى رەھبەرلەرگە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى قالدۇرغۇزۇۋېتىشكە ئۇرۇنغان، شۇ ئارقىلىق يۇخادىن چىقماقچى، ئاماشا كۆرمەكچى بولغان. ئۇنىڭ جىنايى غەرىزى رېئاللىققا ئايلانمىغاندا، ئۇ ياۋۇز قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ۋۇزۇگۈلىننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ئۇنىڭ قىلمىشى ئۇنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ. نيەن خۇگېنىڭكىن، ئۇنىڭ جىنايىتىنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ! ئۇنىڭ جىنايىتىگە ئۆلۈم جازاسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ! يېزا ئىگىلىك 7 ـ دىۋىزىيىسى ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بۇ دېلو ئۈستىدىن بىرىنچى سوت ھۆكۈمى ۋە ئىككىنچى سوت ھۆكۈمى چىقىرىپ، نيەن خۇگېغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ سىياسىي ھوقۇقىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلدى.

ياۋۇز ئالۋاستى نيەن خۇگېنىڭ شەخسىي ئاداۋىتى دەپ، ئەخلاق، ۋىجدانىنى يوقىتىپ، جىنايەت يانتۇقىغا چۈشۈپ، ئاقىۋەتتە ئۆزى ئالغان دوزاق بولغانلىقىنى...

ئەخمەت راخمان (ت)

# ساھىبجامالنىڭ مۇلايىم كىشىلىرى

دىك فاك

ھازىر ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردە ئايال تاكسى شوپۇرلىرى بارغانسىرى كۆپىيىپ، چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ، شەھەرنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە يېڭىچە تۈس بەرمەكتە. ئەمما، ئۇلار ھەم گۈزەل ھەم ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاچكۆزلۈككە تولغان كۆزلەر ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئالدى ھەمدە ئۇلارغا ئېبلىس قولىنى سوزماقتا.

(1)

11- ئاينىڭ 21- كۈنى، شىخەنزە شەھىرىنىڭ كونا بازىرىدىكى ياڭ جۈگۈئۈ 1994- يىلى جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن چاغدا، قانداق قىلىپ بولمىسۇن بىرەر ئولجىنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇ قەدىمقىلارنىڭ «ياچۇەك تۇمۇزغىنىڭ كويىدا يۈرسە، سېرىق قۇچقاچ باچۇەكنىڭ پېيىگە چۈشۈپتۇ»... دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. بىر مەھەللىلىك چۈچۈش ئۇنى ھېچقانچە قورقىتالمىدى، ئۇ كۆپ قېتىم مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، 11- ئاينىڭ 18- كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئايال شوپۇر ھەيدىگەن «شالى» ماركىلىق تاكسىنى توسۇپ ماناس ناھىيىسىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يول بويى ئۇ ئۆزىنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىش چوتىنى سوقۇپ بولسىمۇ، بۇ ئايال شوپۇرنىڭ تېخى يېقىندىلا ماناس ناھىيىسى تەۋەسىدە باشقىلار تەرىپىدىن بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ ئەنسىرەپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ماشىنا ماناس ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىن يەنە يېزىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ماشىنىنى ماناس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپ ماڭىدىغانلىقىنى دېگەندە ياڭ جۈگۈئۈنىڭ سۈيىقەستى يوققا چىقتى. ئايال شوپۇر ئەھۋالنى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىدىكى كادىر - ساقچىلارغا مەلۇم قىلىپ قويدى. دىجورنىلىك قىلىۋاتقان ساقچى ليۇشىن قاتارلىقلار بۇ يىگىتنىڭ ئادرېسى بىلەن تەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى خاتىرىلىۋالدى.

(2)

ياڭ جۈگۈئۈ سائەت 12لەردە ئاستا-ئاستا كېلىۋاتقان «شالى» ماركىلىق بىر تاكسىنى توسۇيدۇ، ئۇ يىراقتىن شوپۇرنىڭ بىر ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدى، ماشىنا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ.

— ماناس ناھىيىسىگە قانچە پۇل؟- دەپ سورايدۇ ئۇ ماشىنىغا چىقىپ.

— 30 يۈەن.- دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئايال شوپۇر.

— ماناسقا بارغاندىن كېيىن يەنە يېزىغا بېرىش ئۈچۈن ئون نەچچە كىلومېتىر ماڭىمەن، -دەيدۇ ئۇ يەنە.

-ئۇنداقتا 50 يۈەن، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ ئايال شوپۇر.

- بولغۇدەك،- دەيدۇ ياڭ جۈگۈئۈ. ماشىنا ماناس ناھىيىسىنىڭ بازىرىغا بارغاندىن كېيىن شىمالغا بۇرۇلۇپ گۇاڭدۇڭدى يېزىسىدىكى بەيتۇ كېڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، ياڭ جۈگۈئۈ يان تەرىپىدىكى توپىلىق يولغا ھەيدەشنى ئېيتىدۇ. تۇمان بارغانسېرى قويۇقلىنىپ كېتىۋاتقاچقا يولنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، ئايال شوپۇر ئىشنىڭ سەل چاتاقلىقىنى سېزىپ ماشىنىنى توختىتىپ:

- سەن زادى نەگە بارماقچى، ئالدىمىزدا يول بولمىسا، - دەيدۇ.

- ماڭا يولۇقىنىڭ سېنى نەس باسقىنى، يېقىندىن بېرى بىر ئاز قىيىنچىلىقتا قالدىم، پۇلۇڭنى چىقار! - دەيدۇ ياڭ جۈگۈئۈ ئايال شوپۇرغا يانچە قاراپ، ئايال شوپۇر بۇنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالىدۇ، تېنى شۈركۈپ لاسسىدە بولۇپ قالىدۇ. ئۇ قولاشمىغان تەلەپپۇزدا: ماشىنا ئىچىدە100 يۈەندىن ئارتۇقراق كىرا پۇلى بار، ئۇنى ئېلىۋال» دەيدۇ. ياڭ جۈگۈئۈ ساندۇقچىنى ئېچىپ 140 يۈەن پۇلنى ئالغاندىن كېيىن ئايال شوپۇرنىڭ بارماقلىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈككە كۆزى چۈشۈپ: «ئالتۇن ئۈزۈكىڭنىمۇ چىقار!» دەيدۇ. ئايال شوپۇر: «ئۇنداق قىلما، بۇ مېنىڭ توي‌لۇق ئۈزۈكۈم»، دېگەندە، ياڭ جۈگۈئۈ خەنجىرىنى چىقىرىپ: «بېرەمسەن - يوق؟» دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئايال شوپۇر ئائىلاج ئۈزۈكىنى چىقىرىپ بېرىدۇ. ياڭ جۈگۈئۈ ئۈزۈكنى ئېلىپ سىنچىلاپ قارىغىنىچە: «بۇ ساپمۇ — ساپ ئەمەس؟» دەپ سورىغاندا، ئايال شوپۇر: «ساپ ئالتۇن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ياڭ جۈگۈئۈ يەنە: «نەچچە پۇلغا يارايدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئايال شوپۇر: «بۇنى مەن 700 يۈەنگە سېتىۋالغان، يارايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ياڭ جۈگۈئۈ ئۈزۈكنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ ئايال شوپۇرغا شەھۋانىي نەپسى بىلەن تىكىلىدۇ، قولىنى ئايال شوپۇرنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ: «كەل، مەن بىلەن ئوينامسەن» دېگەندە، ئايال شوپۇر: «پۇل بىلەن ئۈزۈكۈمنى

بەردىم، ئەمدى مېنى قويۇۋەتكىن» دەيدۇ ـ دە يىغلاپ تاشلايدۇ. ياڭ جۇگفۇ قولىنى ئايال شوپۇرنىڭ بوتىسىغا ئۇزارتىپ سىلاشقا باشلايدۇ ۋە ئايال شوپۇرنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۈستىگە تارتىدۇ، ئايال شوپۇر قورقۇپ يىغلاپ يالۋۇرۇدۇ، ئۇ كۈچىنىپ قولىنى بوشىتىۋېلىپ شىددەت بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ياڭ جۇگفۇ قاتتىق سوغۇقتا تىترەپ تۇرغان ئايالغا بىر پەس ھەۋەس قىلغاندەك قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «خالىمىساڭ مەيلى، كېتەيلى، مېنى قوتۇبىي ـ قاراماي تاشيولىغا ئاپىرىپ قويغىن» دەيدۇ. بۇ چاغدائۇ زورمۇ ـ زو ماشىنىغا چىقىپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتماقچى بولىدۇ. ماشىنا قوتۇبىي ـ قاراماي تاشيولىغا چىققاندا ئايال شوپۇر ماشىنىنى توختىتىدۇ، ياڭ جۇگفۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ تاشيولنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەتىسى ئايال شوپۇر ئېرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ماناس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە كېلىپ دېلو مەلۇم قىلىدۇ.

(3)

جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىدىكى كادىر ـ ساقچىلاردىن لىۋشىن، جاۋگاڭ دېلونى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى تەمىنلىگەن دېلودىكى جىنايەتچىنىڭ چىراي تۇرقىغا ئاساسەن، 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ماشىنا كىرا قىلغان ھېلىقى گۇمانلىق ئادەمنىڭ ياڭ جۇگفۇ ئىكەنلىكىنى ئىسىگە ئالىدۇ. شۇ كۈنى ياڭ جۇگفۇ كادىر ـ ساقچىلار تەرىپىدىن جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئۇ ھېچقانداق ئىش سادىر قىلمىغاندەك دېلو بېجىرىۋاتقان كادىر ـ ساقچىلار سورىغان سوئاللاردىن ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتمەكچى بولىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دېلو سادىر قىلغۇچىنىڭ نەق شۇ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن تېنىۋالىدۇ. ئەترەت باشلىقى ۋېي شىنشېڭ شىخەنزە شەھەرلىك جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ دېلو ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. شىخەنزە شەھەرلىك جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، سانسىزلىغان ئادەم دېڭىزىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ، بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش ئىنتايىن مۈشكۈل بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئاياللار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ نام ـ شەرىپىنى قوغداش، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ چوڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، دائىم دېگۈدەك دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. لېكىن بۇ قىيىنچىلىقلار دېلو بېجىرگۈچى كادىر ـ ساقچىلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ناشتىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىر ـ بىرلەپ تېپىلىدۇ، ياڭ جۇگفۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرى بىر ـ بىرلەپ ئاشكارىلىنىدۇ. ئەشۇ قايناق ئادەم دېڭىزىغا يوشۇرۇنغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ئىزدەپ تېپىش، ئۇلارنى خىزمەتكە ماسلىشىشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن، دېلو بېجىرگۈچى كادىر ـ ساقچىلار ئىنتايىن زور بەدەل تۆلەيدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يەكشەنبە كۈنى ئىدى، شىخەنزە شەھەرلىك جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ رازۋېدچىكى لى جيەنجياڭ جيەن قىزىنى ئېلىپ بازارغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىشقا چىقىش ئۈچۈن تاكسىغا ئولتۇرۇپ شوپۇر بىلەن مۇڭدىشىدۇ، شوپۇر ئۆزى تونۇيدىغان بىر ئايال تاكسى شوپۇرنىڭ ماناستا بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ راستىنلا: «غەيرەتلىك ئەردىن تاغمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. لى جيەنجياڭ نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ شوپۇرغا دەرھال ئۆزىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ يېنىغا ئاپىرىشنى ئېيتىدۇ، ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى تاپىدۇ ھەمدە ئايال ئۇنىڭ كەسپىي قەدىرلەيدىغان روھىدىن تەسىرلىنىدۇ.

ماشىنا ماناس ناھىيىسىنىڭ سولاقخانىسى دارۋازىسىغا كېلىپ توختايدۇ، ياڭ جۇگفۇ ئېلىپ چىقىلىدۇ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ماشىنىدائولتۇرۇپ ياڭ جۇگفۇغا بىر پەس مىقتەڭ تىكىلگەندىن كېيىن يېنىدىكى رازۋېدچىك لى جيەنجياڭدىن: «مەن چۈشۈپ كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، لى جيەنجياڭ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇ ياڭ جۇگفۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «سەن مېنى تونۇدۇڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ياڭ جۇگفۇ ئۇنى كۆرۈپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ: «تونۇدۇم» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ياڭ جۇگفۇنىڭ كاچىتىغا قاتتىق ئىككى شاپىلاق ئۇرىدۇ.

ئەخمەت راخمان (ت)

# نىشانىدىن ئادىشقان مۇھەببەت ۋە نەپرەت

ياڭ شەنمىڭ

قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە نەپرەت مۇبادا ئەقىل - ئىدىراك ۋە ئەخلاقتىن چەتنەپ كەتسە، ئىككى تەرەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئازاپ چېكىدۇ.

شىمالىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم ناھىيە بازىرىدىكى لىۇ× بىلەن جىن× «تېلېۋىزىيە داشۆسى»دە بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدى. ئىككىسى دائىم بىرلىكتە دەرس تەكرارلايتتى، ئۆگىنىش تەسىراتى ئالماشتۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئىككىسى چىقىشىپ قالغان، ئارزۇ - ھەۋەسلىرى ئوخشاش چىققان، شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىشكەن ھەمدە مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئورناتقان.

مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەر كېيىنكى نىكاھ، مۇھەببىتى ئۈزگىرىپ كېتىپ، ئىككى تەرەپ مۇشكۇل، پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تېگىشلىك دەرىجىدە سوغۇققانلىقنى ۋە زىرەكلىكنى ساقلاپ، قىزغىن مۇھەببەتنى ئەخلاق ۋە قانۇننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى ئىچىگە ئېلىشى ھەمدە بۇ مۇداپىئە لىنىيىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. بىراق، لىۇ× بىلەن جىن× بۇ نۇقتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلمىغان. ئۇلار تونۇشۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، مۇھەببەتنى ئەۋجىگە ئالدۇرۇپ، نىكاھلانماي تۇرۇپلا بىرگە بولۇۋالغان.

لىۇ× بىلەن جىن× مۇھەببەتلىشىۋاتقان باشقا قىز - يىگىتلەرگە ئوخشاش، قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقى ۋە كەمچىلىكىنى كۆرەلمىگەن، بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىدىكى پەرقلەرنى كۆرۈۋالمىغان، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى سۇزلاشقا باشلىغان. جىن× چىرايلىق ئەمەس، مىجەزىمىز كېلىشەلمەيدۇ، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى لايىقىم ئەمەس، دەپ ھېس قىلىشقا باشلاپ جىن× تىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغان. بىراق، بۇ ۋاقىتتا جىن× ئاللىقاچان ھامىلدار بولۇپ قالغان، سېزىكتە ئىدى. ئۇ لىۇ× نىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ، گەپنى ئوچۇق قىلىپ: مەن ھازىر مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ قالدىم، ئۆلسەممۇ سەن بىلەن توي قىلىمەن، دېگەن. لىۇ× جىن× بالىنى تۇغۇپ قويسا ئايرىلىپ كېتىش تەس بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بالىنى تېز «بىر تەرەپ قىلىۋېتىش»نى كۈچلۈك تەلەپ قىلغان، جىن× قەتئىي قوشۇلمىغان، بالىنى تۇغىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان. لىۇ× تىت - تىت بولۇپ، غەزەبلىنىپ، جىن× نى نەچچە قېتىم ئۇرغان، جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن ئازابلىغان. بالىنى قىردۇرۇۋېتىشقا مەجبۇرلىغان ھەمدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغان. بىراق جىن× لىۇ× كە «رودىپاي»دەك چاپلىشىۋالغان. لىۇ× ئەسەبىيلەرچە مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، ئۇ بەرداشلىق بەرگەن. لىۇ× جىن× نىڭ پوزىتسىيىسىنى، ئۇنىڭ ھامىلدارلىقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە روشەنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، جىن× بىلەن نىكاھ ئىشىنى تېزىملاش ئورگىنىغا بېرىپ تىزىملىتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ ھاپىلا - شاپىلا توي قىلىۋالغان.

ئۇلار تويدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئېيىدا پەرزەنت كۆرۈپ، ئاتا - ئانا بولغان. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار بالىلىق بولغاندىن كېيىن ئىناق ئۆتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، لىۇ× بىلەن جىن× نىڭ تويى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولمىغاچقا، «مەجبۇرىي ئۈزگەن قوغۇن تاتلىق بولمىغىنىدەك» تويدىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېسسىيات بولمىغان. ئەرزىمەس ئىشلىق توقۇنۇشتىن كېيىن، جىن× نىڭ بەدىنىدە جاراھەت داغلىرى پەيدا بولغان، جىسمانىي، روھىي جەھەتتىكى ئازابىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچەيگەن، جىن× ئاچچىق ئەلەم بىلەن تۇرمۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرماقچىمۇ بولغان. بەختىگە يارىشا دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ نەسىھىتى بىلەن ئۇنداق قىلمىغان.



لیۇ× جىن× نى تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، جىن× كە بولغان بۇرۇنقى مۇھەببىتىنى ئۆچمەنلىككە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا بولغان زىيانكەشلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن. بىر قېتىم، ئۇ جىن× بىلەن مەبلەغ يىغىپ ئۆي سېتىۋېلىش ئىشىدا ماجىرالىشىپ قالغاندا، جىن× نى كارىۋاتتىن سۆرەپ چۈشۈپ قاتتىق ئۇرۇپ ئۇنىڭ سول قولىقىنى زەخىملەندۈرۈپ قويغان، قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتكەن.

دۆلىتىمىز جىنايى ئىشلار قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، لیۇ× نىڭ جىن× نى زەخىملەندۈرۈپ قويغانلىقى يېنىك زەخىملەندۈرۈشكە كىرىدۇ، ئۇنىڭ جىنايىتى زەخىملەندۈرۈش جىنايىتىنى شەكىللەندۈرگەن، جىن× سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ، لیۇ× نىڭ جىنايى قىلمىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا بولاتتى. جىن× زەخىملەندۈرۈلگەندىن كېيىن، لیۇ× نىڭ بەكمۇ تاش يۈرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، لیۇ× غا قارىتا قىلچە مۇھەببىتى قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولۇپ كېتىشكە بەل باغلايدۇ. ئۇ سوتقا ئەرز قىلىپ، سوتتىن لیۇ× نىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىقتىسادى زىياننى تۆلىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ھەر قانداق پۇقرانىڭ جىسمانى ھوقۇق - مەنپەئىتى دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىغاندا، ئۇ قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىشى كېرەك. جىن× نىڭ شىكايەت قىلغىنى ئۆزىنىڭ ئېرى بولسىمۇ، لېكىن قانۇن ئۇنى شەرتسىز قوغدىدى. سوت مەھكىمىسى ئېرى خوتۇنىنى زەخىملەندۈرۈشنەك بۇ دېلونى ئۇچۇق سوت قىلىپ، لیۇ× جىن× نى ئۇرۇپ، جىن× نىڭ سول قۇلاق پەردىسىنىڭ تېشىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان، بۇ قىلمىش جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپ، بۇ، زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى شەكىللەندۈرگەن، دەپ قارىغان. سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 134 - ماددىسىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى بويىچە لیۇ× غا مۇددەتلىك 10 ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان، ھەمدە لیۇ× كە جىن× نىڭ داۋالىنىش خىراجىتى قاتارلىق ئىقتىسادى زىيىنى ئۈچۈن 2282يۈەن تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلغان. لیۇ× بىلەن جىن× ھۆكۈمگە قايىل بولماي، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلغان، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى سوت قىلىپ: نارازىلىق ئەرز قىلغۇچى لیۇ× دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، ئەرز قىلغۇچى جىن× نىڭ جىسمانى ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان، جىن× نى دائىم ئۇرغان، دۇمبالىغان، خورلىغان ھەمدە جىن× نى زەخىملەندۈرۈپ قويۇش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، قىلمىشى قەبىھ بولغان، ئۇنىڭ قىلمىشىدىن خورلاش جىنايىتى شەكىللىنىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لیۇ× كە مۇددەتلىك بىر يىل ئالتە ئايلىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان، لیۇ× جىن× كە 4080يۈەن ئىقتىسادى تۆلەم تۆلەپ بېرىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلغان.



لیۇ× نىڭ جىنايى قىلمىشى قانۇنىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى، ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە تاپشۇرۇلدى. جىن× جىنايى ئىشلار دەۋاسىدا يېڭىپ، ئۆزىنىڭ جىسمانى ھوقۇقىنى قوغدىدى، ئىقتىسادى زىيىنىنىمۇ تۆلىنىۋالدى. بىراق ئۇ لیۇ× نىيىتىنى ئۆزگەرتىدۇ دەپ ئۈمىد قىلمىدى، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشنى خالىمىدى. ئۇ: ئۇ مېنى زەخىملەندۈرۈپ قويدى، مەن ئۇنى ئەرز قىلدىم، ھەر ئىككى تەرەپ ئازاپ چەكتۇق، ھېسسىياتىمىز بۇزۇلدى، قانداقلا قىلغان بىلەن ئەپلىشىپ قالالمايمىز. دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە سوت مەھكىمىسىگە ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلىپ، لیۇ× بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سوت مەھكىمىسى نىكاھتىن ئاجرىشىشتىن ئىبارەت بۇ دېلونى ئەستايىدىل سوتلاپ، جىن× بىلەن لیۇ× ئىختىيارى مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان، نىكاھ ئاساسى خېلى ياخشى، بىراق تويدىن كېيىن لیۇ× جىن× نى كۆپ قېتىم ئۇرۇپ، دۇمبالاپ ئېغىر زەخىملەندۈرگەن، ئەر - خوتۇنلۇق ھېسسىياتقا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغان، مۇرەسسە قىلىشتىن ئۈمىت يوق، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىش كېرەك دەپ قارىغان. سوت مەھكىمىسى «نىكاھ قانۇنى»نىڭ 25 - ۋە 29 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جىن× بىلەن لیۇ× نىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىشىغا رۇخسەت قىلغان، نىكاھتىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغۇل بالىنى لیۇ× نىڭ بېقىشىنى قارار قىلغان.

لیۇ× بىلەن جىن× مۇھەببەتلىشىۋاتقان مەزگىلدە بىرگە بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەببەت كىرزىسىغە دۇچ كەلگەندە، بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىۋالغان، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي، بىرگە ئۆتۈشۈپ، ئىككى قېتىم دەۋا قىلىپ، ئىككى قېتىم ئازاپلىق نەتىجىگە ئېرىشكەن. بۇنىڭدىكى ساۋاق شۇكى، ئۇلار مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنى خاتا رايونغا باشلاپ كىرىپ، ئەقىل - ئىدراك ۋە ئەخلاق يولىدىن چەتنەپ كەتكەن.

ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)

# 12 گاچا قاتىل



شىخۇا، شياۋدەي

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگىچە، تۇدۇگخي رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى 12 گاچىنى قولغا چۈشۈردى، بۇنىڭ ئۇچىسى ئايال گاچا. جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ياردىمىگە ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولغان بۇ مېيىپلارنى سوتقا ئېلىپ چىقىشتا تەھقىقلىگۈچىلەرنىڭ كۆڭلى زادىلا ئۇنىمىدى. ئەمما، بۇ 12 گاچا ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللار ئىدى.

بۇ 12گاچا 1997 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كەچتە دېلو سادىر قىلغان، دېلو سادىر قىلىپ بولۇپ جەسەتنى غەربىي پويىز ستانسىسى يەشىلىك يىغىش شىركىتىنىڭ ئەخلەت مەيدانىغا تاشلىۋەتكەن. ئەتىسى، جەسەتنى باشقىلار بايقاپ قالغان، تۇدۇگخي رايونلۇق جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى ناھايىتى تېزلا دېلو تاپشۇرۇۋالغان.

دېلو مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مالياڭ، سىياسىي يېتەكچى ياڭ ۋېيسۇڭ دەرھال تەھقىقلىگۈچىلەرنى باشلاپ نەق مەيدانغا يېتىپ بارغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆلگۈچىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشى ئىكەنلىكى، بويىنىڭ 1.78 مېتىر ئىكەنلىكى، باش، كۆكرەك قىسمىنىڭ 18 يېرىدە ئۆتكۈر بىسلىق سايماندىن قېپقالغان ئىز بارلىقى ئېنىقلانغان. ئۆلگۈچىنىڭ تاپىنىدا يەنە «9.8.88»ۋە «9.8.92» دېگەن رەقەم بايقالغان. بۇ ئىككى سان. سىفىر تەھقىقلىگۈچىلەرنى بىردىنلا سەگەكلەشتۈرگەن. ئۇلار: بۇ ئادەم جازا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغان. بۇنى ئاساس قىلىپ جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى جازا ھۆكۈم قىلىنغان خادىملارنىڭ ماتېرىياللىنى دەرھال تەكشۈرۈپ چىققان. بىر كۈنلا ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆلگۈچىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ لىۋلىنچى، غەربىي پويىز ستانسىسى ۋاڭ جياگو پاراۋانلىق زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى، گاس-گاچا ئىكەنلىكىنى، 1988 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى نۇۋۇەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئۈچۈن ئوت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان.

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ خەي دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان رازۋېدكا قىلىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ: «جەسەتنىڭ مەنبەسىنىڭ ئېنىقلانغانلىقى دېلونىڭ يېرىمىنىڭ پاش بولغانلىقى، دېلو سادىر قىلغۇچىلار لىۋلىنچىنىڭ ئەتراپىدىكى گاس-گاچىلار، چېنىلىدىغان گۇماندار كۆپ ئەمەس، دائىرە چوڭ ئەمەس، غەربىي ۋوگزالدىكى گاس ـ گاچىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بۇ گاچا تېپىشماقنى يېشىش كېرەك، دېگەن.

2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى تۇدۇگخي رايونلۇق ج خ شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خوشخۇا ئەترەت باشلىقى بولغان «16 ـ فېۋرال» مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، غەربىي ۋوگزالدىكى بارلىق گاس ـ گاچىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇشنى باشلىۋەتكەن. غەربىي ۋوگزال ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە بارلىق گاس ـ گاچىلارنى تەكشۈرۈش ئاسان ئىدى. بىراق، كەچ بولغاندا، مۇھىم ئەھۋال يەنىلا جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە قايتىپ كەلگەن: لىۋلىنچى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى پاراۋانلىق زاۋۇتىغا بالغان ئېيتىپ، شىخەنزىگە بېرىپ ئۆزى ئۆرۈپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكۈزۈۋەتكەن خوتۇنىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى كەتكەن، كېيىن ھېچكىم ئۇنى كۆرمىگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، غەربىي ۋوگزالدا 25 نەپەر گاس ـ گاچا بارلىقى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا لىۋلىنچىنى تونۇيدىغانلىقى ئېنىقلانغان. تەھقىقلىگۈچىلەر يەنە

گۇمانلىق دەپ قارالغان بىر تۈركۈم گاچىلارنى قايتۇرۇپ كەلگەن.

گاس - گاچىلار بىلەن ئالاقە قىلىش ھەقىقەتەن تەس، تەھقىقلىگۈچىلەر ئاددىغىنە بىر مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئىشلەتكەن. مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىلاج قىلالماي گاس - گاچىلار مەكتىپىدىن گاچا تىل مۇئەللىمى تەكلىپ قىلغان. گاچا تىل مۇئەللىمى بۇ گاچىلار بىلەن بىر ئاخشام سۆزلىشىپ قولىلىرى تېلىپ كەتكەن، نەتىجىدە بىر لا نەتىجىگە ئېرىشكەن: سوراق قىلىنغان ھەممە گاچىلار بىردەك 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچتە لىيۇلىنچىنى كۆرمىدۇق، دېگەن. بىراق، بىر كىچىك ۋەقە مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى خوشخۇانىڭ دىققىتىنى قوزغىغان: تەھقىقلىگۈچىلەر تەكشۈرۈپ غەربىي ۋوگزالدا دۆڭ فەمىلىلىك گاچىنىڭ ئۆيىنىڭ گاچىلار توپلىشىدىغان جاي ئىكەنلىكى، بەزىلەرنىڭ 15 - چېسلا كەچتە تۆت - بەش ۋېلسىپىتنىڭ دۆڭ ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىغا توختىتىپ قويۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئېنىقكى، گاچىلار بۇ جايغا يىغىلغان ئىدى. بۇ گۇن بۇ گاچىلار بۇ ئەھۋالالارنى نېمە ئۈچۈن بىردەك ئىنكار قىلىدۇ؟

بۇ بىر نەچچە گاچىنى سوراق قىلىش خىزمىتى يەنىلا ئىلگىرىلىمەيدۇ، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى سىرتقى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ. 20 - چېسلاغا كەلگەندە دېلودا زور ئىلگىرلەش بولىدۇ. بۇ كۈنى، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى غەربىي ۋوگزالدا جاۋ ئىسىملىك گاس - گاچىنىڭ ئۆيىنى تەكشۈرگەندە، جاۋنى ئۆيىدىن تاپالمايدۇ. ئۇنىڭ 11 ياشلىق ئوغلى تەھقىقلىگۈچىلەرگە: 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچتە، لىيۇلىنچى بىلەن ۋاڭ جىجۈن ئىسىملىك گاچىنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. تەھقىقلىگۈچىلەر بارلىق زېھىن كۈچى بىلەن 24 - چېسلا گاچا ۋاڭ جىجۈننى ئىزدەپ تاپىدۇ، ۋاڭ جىجۈن ج خ خادىملىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. ساقچى ماشىنىسىغا چىقىدىغان چاغدا، ئۇ كەينىگە قايتىپ 600 يۈەن پۇل ۋە يانچۇقىدىكى نەرسىلىرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. تەھقىقلىگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىدە سان بولىدۇ، گاچا تىلى مۇئەللىمىنىڭ ياردىمى بىلەن، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ۋاڭ جىجۈننى سوراق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىدۇ. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، ۋاڭ جىجۈن ئاخىرى 12 گاچىنىڭ بىرلىشىپ لىيۇلىنچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىلىش جەريانىنى ئىقرار قىلىدۇ. لىيۇلىنچى بەستلىك، قىلىقى قوپال، بۇرۇن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، غەربىي ۋوگزالدىكى گاچىلار ئارىسىدىكى «زومىگەر»، ھاراقكەش، ھاراق ئىچىۋالسىلا ئورۇنسىز ئىش تېرىيدىغان، گاچىلارنى بوزەك قىلىدىغان، خورلايدىغان، ئۇرۇدىغان، مۇشتلايدىغان گاچا ئىكەن. ئۇ باشقا گاچىلارنىڭ بىر نەچچە مىڭ يۈەن پۇلىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ مەجبۇرىي ئۆتنە ئېلىپ ئۇزاققىچە قايتۇرۇپ بەرمىگەن، لۈكچەكلىك قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان، ئايال گاچىلار بىلەن كۆپ قېتىم مەجبۇرىي جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. باشقىلار بىلەن بىرلىكتە سىچۇەنلىك ئايال گاچا ۋاڭ چىڭغا ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا سىچۇەندىكى چېغىدا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، يەنە پىچاق بىلەن ئۇنىڭ قول، پۇتىنىڭ كۆپ يېرىنى زەخىملەندۈرگەن. سىپىرىش بىلەن ئۇنىڭ ئەمچىكىگە نامسىز دورىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغان. ۋاڭ چىڭ بۇ يىل 1- ئايدا شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، يەنە ئىككى قېتىم باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بۇنىڭ بىلەن ۋاڭ چىڭ ئىنتايىن قاتتىق ئازابلانغان، لىيۇلىنچىنىڭ باشقا گاچىلارنى ئۇرۇشى، بوزەك قىلىشى، خورلىشى دائىملىق ئىش بولۇپ قالغان. لىيۇلىنچىنىڭ زورلۇق قىلمىشى گاچىلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان. 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچ سائەت 10 بېرىمدا، لىيۇلىنچى شىخەنزىدىن ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالغا قايتقاندىن كېيىن، گاچىلار دائىم توپلىشىدىغان دۆڭ ئائىلىسىگە كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا، دۆڭ ئائىلىسىگە 12 گاچا يىغىلغان. لىيۇلىنچى يەنە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى ئۇرغان ھەمدە باشقىلارنى سىرتقا ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەن. گاچىلار تاقەت قىلىپ تۇرالماي، بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، لىيۇلىنچىنى ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، دەردىنى چىقىرىۋالغان. بىر سائەتتىن كېيىن، لىيۇلىنچى ھوشىغا كېلىپ، ئۇلارغا گاچا تىلى بىلەن: «ئەتە مەن ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەن. بۇنى ئاڭلاپ گاچىلار ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن، ئۇلارغا لىيۇلىنچىنىڭ كۆڭلى قارا، تاش يۈرەك ئىكەنلىكى، قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغانلىقى ئايان ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلار بىردەك: لىيۇلىنچىنى قالدۇرۇپ قويساق تۈگمەس بالايى-ئاپەت قالدۇرۇپ قويغان بولىمىز، دەپ قاراپ، ھەممىسى بىردەك بېشىنى لىڭشىتقان ھەمدە ھۇجۇم، مۇداپىئە ئىتتىپاقى قۇرغان. كېچە سائەت ئىككى بېرىم بولغاندا، ئۇلار لىيۇ لىنچىنى دۆڭ ئائىلىسىگە تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدىغان ئەخلەت مەيدانىغا سۆرەپ ئاپارغان، ۋاڭ چىڭ باشلامچى بولغان، قالغانلار ماسلاشقان، ئوخشاش بىر پىچاق بىلەن ھەر بىرسى بىردىن تىقىپ لىيۇ لىنچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)

# يۇلتۇزلاردەك چىراقلار سىزنى، مېنى يورۇتتى

## چېداۋان يېزىسىدىكى خەلق مۇرەسسە خادىمىنىڭ ئىش ئىزلىرى توغرىسىدا

بەيشۇچىڭ، جېڭ جۇنجى

يۇلتۇزلار چىمىرلاپ تۇرغان ئاسماندا بىر دانە ئاققۇن يۇلتۇز غايىب بولدى. كەتتىكى چېغىر يوللاردا مېڭىۋاتقان ۋاڭ شۇجۇن ئويلىدى: قەلبىمنى چېداۋان يېزىسىدىكى يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ مەنىلىك، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشىگە سەرپ قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەردى.

بۇ چاغلاردا ئۇخشىمىغان ئىككى تۇيغۇ پەيدا بولدى، يەنى، ھارغىنلىق ئىچىدە راھەت- پاراغەت، راھەت- پاراغەت ئىچىدە مۇرەككەپلىك بارلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن نەچچە قېتىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. بۇنداق تۇيغۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ يېقىندا يۈز بەرگەن ھېلىقى مەنزىرىنى — چېداۋان يېزىلىق قەغەز زاۋۇدىنىڭ قانۇنى ۋەكىلىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئامالسىز قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۇ ئەيىبارلاپ قويغان كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زاقىنە نەپەس ئېلىۋالدى، يۈرۈنقى ئالدىراپ- تېنەپ يۈرگىنىگە، جاپا تارتقىنىغا چېكىت قويدى.

ھېلىقى كۈنى، ۋاڭ شۇجۇن ئارخىپ ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، بىر ماجىرا دېلوسىغا ۋەكالەتچى ياپماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئىشخانىنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ دېھقانغا ئوخشايدىغان بىر ئادەمنىڭ ئىشخانا ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

- مەن يېزىلىق ئەدلىيە ئىشخانىسىغا مەسىلە ئىنكاس قىلغىلى كەلدىم. - دېدى ھېلىقى ئادەم ناھايىتى جىددى كەيپىياتتا.

- مەن يېزىنىڭ ئەدلىيە ياردەمچىسى ۋاڭ شۇجۇن بولىمەن. - دېدى ۋاڭ شۇجۇن ئۇنى ئىشخانىغا باشلاپ تەسەللى بەرگەچ ئاستا سۆزلەشكە تەۋسىيە قىلىپ.

كەلگۈچىنىڭ فامىلىسى جو بولۇپ، چېداۋان يېزىلىق قەغەز زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ئىدى، ئىش ئورنىدە ئۇنىڭ سول قولىنىڭ تۆت بارمىقى يارلانغان ئىكەن. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، زاۋۇت تۆلەم بېرىشى كېرەك ئىدى. بىراق زاۋۇت دىل ۋالانىغۇچى بىلەن ھەر قانچە قېتىمۇ كېلىشىم ھاسىل قىلالمايتۇ. جۇ× ئاچچىقى بىلەن ۋاڭ شۇجۇننى ئىزلەپ كېلىپتۇ.

— تىت- تىت بولماڭ، بۇ ئىشنى كېلىشتۈرۈپ قويىمەن، - دېدى ۋاڭ شۇجۇن جۇ×غا ئىپادە بىلدۈرۈپ.

- قانداق مۇرەسسە قىلىسىز؟ - دەپ سورىدى جۇ× گۇمان بىلەن ئالدىدا تۇرغان 25 ياشلىق، تېخى تۇرمۇشلۇق بولمىغان ۋاڭ شۇجۇننىڭ ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان بۇ ئىشنى ھەل قىلالىشىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي.

ۋاڭ شۇجۇن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى مۇرەسسە قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇسىنگە ئادەتتىكى ئەھۋالدا، باشلارنىڭ مۇرەسسە قىلىشىنىڭ ئىناۋىتى پېشقەدەملەرنىڭكىگە يەتمەيتتى.

«مەيلى قېيىن ياكى ئاسان بولسۇن، ۋەدە قىلغان ئىكەن، نەتىجىگە ئېرىشىش كېرەك» دېگەن قارارغا كەلدى ۋاڭ شۇجۇن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپ قېتىم قەغەز بېشىنىڭ زاۋۇتىغا بېرىپ تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئىككى تەرەپكە خىزمەت ئىشلىدى. جۇ× بىر قېتىمدىلا ئۈچ يىللىق مۇئاش بويىچە تۆلەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. زاۋۇت تەرەپ بىردەم قوشۇلۇپ، بىردەم قارشى تۇردى.

«سىلەر بۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ. «ئەمگەك قانۇنى»دا ئېنىق بەلگىلىمە بارلىقىنى بىلىشىڭلار كېرەك. سىلەر ئەگەر تۆلەم تۆلىمىسەڭلار دۆلەت قانۇنىغا ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلغان بولىسىلەر» دېدى ۋاڭ شۇجۇن كەسكىن ھالدا زاۋۇت تەرەپكە قانۇننىڭ كەسكىنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ.


زاۋۇت تەرەپ ئۆزىنىڭ زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلىپ ئاخىرى بىر قېتىمدىلا جۇ×كە 18 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشكە قوشۇلدى، ماجىرا ھەل بولدى.

جۇ× ۋاڭ شۇجۇنگە تەشەككۈر ئېيتماقچى بولدى. بىراق ۋاڭ شۇجۇن ھېچنېمىنى ئاڭلىغۇسى كەلمەي، ئۆزى يالغۇز تىنچلىنىۋالماقچى بولدى، ھېلىقى دېلونى مۇرەسسە قىلىپ نەتىجە قازانغاندىن كېيىن ھارغىنلىق، راھەت ۋە خۇشاللىقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقچى بولدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ۋاڭ شۇجۇن يېزىدىكى ئەدلىيە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ ياش خادىم ئىدى. ئەدلىيە مۇرەسسە خىزمىتىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدا دائىم تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى، ئۇنىڭدا ھارغىنلىق ۋە كەسكىنلىك پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەدلىيە مۇرەسسە خادىمى دۇنيادا ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى، چۈنكى ئۇ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئۈچۈن كۆڭۈل ئىزھار قىلىشقا، جاپا چېكىشكە ۋە سەۋرىچان بولۇشقا رازى ئىدى.

ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)






# بىز 5 مىڭ يۈەننى قانداق قايتۇرۇپ ئالالايمىز؟

يولداش تەھرىر:

بۇلتۇر 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا، مەن يولدىشىم بىلەن تۆمۈر يول ئىدارىسى سودا بازىرىدا بىر يايما ئىچىپ كىيىم - كېچەك تىجارىتى سودىسى قىلماقچى بولدۇق. بولمىمىز بولمىغاچقا يايما ئورنى ئالالمىدۇق، بىر تونۇشىمىزغا بۇ ئىشنى بېجىرىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدۇق. ھېلىقى ئادەم بەش مىڭ يۈەن پۇل كېرەك دېيىدى، بىز پۇلنى بەردۇق. ئەينى چاغدا، بىز ھېلىقى ئادەمگە ھۆججەت يازدۇرۇۋالمايتۇق. كېيىن، بىز ئۇنىڭ يايما ئورنى تېپىپ بېرىشنى تۇت كۆزىمىز بىلەن كۈتتۇق، بىراق ھېچقانداق خەۋىرى بولمىدى، ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن قانداق بولدى، دەپ سورىساق، ئۇ ھەر قېتىم ئىككى كۈندىن كېيىن، دەپلا جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ، ھازىرغا قەدەر بېجىرىپ بەرمىدى. بىز ھېلىقى ئادەمدىن بەش مىڭ يۈەننى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلساق، ئۇ دائىم باھانە كۆرسىتىپ قايتۇرۇپ بەرمىدى، بەزىدە بىزدىن قېچىپ يۈردى. ھازىر، بىز ئۇنىڭ نـەگـە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز، پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشىمىز تـەسكـە تـوختـىدى. بىـز قـانداق قىلساق قانۇنى ھوقۇق-مەنپەئىتىمىزنى قوغدىيالايمىز؟ قانۇن جەھەتتە «يەڭ ئىچىدە پۈتۈشۈش» دېگەن گەپ بارمۇ - يوق؟ ئەگەر ھۆكۈمەت ئارقىلىق ھەل قىلساق قانداق رەسمىيەت بېجىرىش كېرەك؟

(ئۈرۈمچىدىن: شياۋيۈن)

يولداش شياۋيۈن:

سىلەر يايما ئورنى ئېلىپ كىيىم - كېچەك تىجارىتى بىلەن شـۇغـۇللـىنـىـشنى ئويلىغان بولساڭلار ئەسلىدە بۇ ئىشنى بـاشقـىلارنىڭ بېجىرىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلماي، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا يېنىكلىك بىلەن بەش مىڭ يۈەن بەرمەي، بەنە كېلىپ ھـۆججەت يازدۇرۇۋالماي، بەلكى سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ياكى تۆمۈر يول ئىدارىسى ئەتراپىدىكى بازار باشقۇرۇش تارماقلىرىدىن مەسلىھەت سوراپ، نورمال يول بىلەن ئۆزەڭلارنىڭ ئارزۇيۇڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇڭلار كېرەك ئىدى. خېتىڭلاردا بايان قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ھېلىقى ئادەمنىڭ سىلەرگە يايما ئورنى ھەل قىلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ سىلەرگە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك. ھـازىر، سىلەر ئامال قىلىپ ئۇنى تېپىشىڭلار، مەسلىھەت ئارقىلىق ئۇ سىلەرگە پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك، ھېلىقى ئادەم پۇلنى قايتۇرسا قانۇن ئىجراپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى قايتۇرۇشنى رەت قىلسا، سىلەر ئۇنىڭ پۇلنى قايتۇرمىغانلىقىغا دائىر كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، ئۇنىڭ بىلەن ھەق تەلەپ ياكى جىنايى ئىشلار دەۋاسى قىلساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ھېلىقى ئادەم ئەينى ۋاقىتتا سىلەردىن بەش مىڭ يـۈەننى ئالدامچىلىقنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتەن سىلەرگە ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلىپ ئالغان بولسا، ھازىر ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈپ پۇلنى قايتۇرمايۋاتقان بولسا ياكى ۋاقىتىنچە پۇلى يوق قايتۇرالمىغان بولسا، سوتقا ھەق تەلەپ دەۋارىسى قىلىپ، سوت مەھكىمىسىدىن ئۇنىڭ چەكلىك مۇددەت ئىچىدە پۇلۇڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ھېـلىقى ئادەمنىڭ يايما ئورنى بېجىرىپ بېرىش ئىقتىدارى بـولمـىسـا، ئۇنىڭ ئۇسىنگە سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ھازىرمۇ پۇلۇڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىش ئويى بولمىغان بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا، سىلەر ج خ ئورگانلىرىغا دېلو مەلۇم قىلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارنى ئالداپ ئېلىۋالغانلىقىنى پاش قىلىپ، جىنايى ئىشلار داۋاسى قىلساڭلار بولىدۇ، ج خ ئورگىنى ئۇ ئادەمنى تۇتىدۇ، ئاخىرىدا سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلىپ، سىلەردىن ئالداپ ئېلىۋالغان پـۇلنـى قـايتـۇرغۇزۇپ بېرىدۇ. «ھۆكۈمەت ئارقىلىق ھەل قىلـىش» ئـۇسـۇلـىـنـى قـوللىنىشتا، سىلەر خەلق سوت مـەھكـىـمـىسىگە ئەرز قىلساڭلارلا ياكى بازما پاش قىلىش ماتېرىيالى ئارقىلىق ج خ ئورگانلىرىغا دېلونى مەلۇم قىلساڭلارلا بولىدۇ، ھېچقانداق مۇرەككەپ رەسمىيەت كەتمەيدۇ.

رەيھانگۈل خالىق (ت)

# تۈرمە ئۆزگەرتىشنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىيەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا

خوايىخۇڭ. لياڭ شيەنخې

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاشنىڭ ئاساسى تەدبىر، ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى. تۈرمىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ خىزمەتكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشى لازىم.

1. ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم.

تۈرمە سىستېمىسىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە بولغان تونۇش يېتەرلىك ئەمەس ياكى تونۇش جەھەتتە ئېغىش مەۋجۇت، «تۈرمىنىڭ ئۆزىلا دۆلەتنىڭ دىكتاتۇرا قوراللىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، جەمئىيەت ئامانلىقى ـ جەمئىيەتنىڭ ئىشى، تۈرمە سىستېمىسىدا چوڭ مەسىلە يوق» دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ج ك پ مەركىزى كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار»دا كىم باشقۇرۇۋاتقان بولسا شۇ مەسئۇل بولۇش پىرىنسىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ـ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يادروسى، بۇ پىرىنسىپ بارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ھەر قايسى تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق تەشكىلاتلىرىغا تەدبىقلىنىدۇ» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. روشەنكى، تۈرمە ئورگىنىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، تۈرمە خىزمىتى چوڭ جەمئىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، چوڭ جەمئىيەتتىكى كىچىك جەمئىيەت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ باشقا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ھەر قايسى تارماقلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىدىنمۇ مۇرەككەپ، ئۇنتۇلۇر، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ زور. تۈرمە ئورگىنى روشەنكى ئىككى خىل ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىر قىسمى، جەمئىيەتتە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قانۇن بويىچە جازا ھۆكۈم قىلىنغان جازا ئۆتەۋاتقان خادىملار. بۇنىڭ بەزىلىرى مۇقەررەر ھالدا ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالايلۇق، تۈرمىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈش، قاتىللىق قىلىش، تۈرمىدىن قېچىپ كېتىش قاتارلىق دېلولارنى سادىر قىلىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا داۋاملىق خەۋپ يەتكۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. جازا ئۆتەۋاتقان خادىملارنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە ياخشى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە قايتا خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان قىلىپ چىقىش كېرەك.

مانا بۇ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىگە ئەڭ ياخشى قاتناشقانلىق؛ كادىر ـ ساقچىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىمۇ قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ ئوبيېكتى. شۇڭا، ھەر قانداق بىر تەرەپكە سەل قاراش «ھەر تەرەپلىمە تۈزەش»نى بۇزمىلىغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈرمىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك جەمئىيەتتە چوڭ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل زىددىيەتلەر ۋە پاسسىپ ئامىللار نىسپى ھالدا مەركەزلەشكەن بولىدۇ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چوڭ ئارقا كۆرۈنۈشتە سىڭىپ كىرىش، ئۆزگەرتىش، چىرىتىش بىلەن چىرىتىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، «جىنايەتچىلەرنىڭ قايتا جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ۋە كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش»نى تۈزەشتىكى ئالاھىدە ئالدىنى ئېلىشنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. شۇڭا، «تۈرمە قانۇنى»نىڭ بولغا قويۇلۇشىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رامانىۋى، مەدەنىيەتلىك تۈرمە قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ



ئېھتىياجى بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكىنى تونۇش، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك.

2. «ئۈچ تۈر» بويىچە مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

تۈرمە ئورگىنىدىكى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدە، ئالدى بىلەن ئۆزىنى سەرخىللاشتۇرۇشتىكى كىچىك سىستېمىدىن باشلاش، ئالدى بىلەن ئۆزىگە تەۋە جاينى ياخشى باشقۇرۇش، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاساسلىق ئىشلارنى ئوبدان قىلىش ئەڭ مۇھىم. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىمى، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارماقلار «ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ئوبدان باشقۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە ئوبدان قاراش، ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش»تەك ئورتاق مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

(1) ئۆزىنىڭ ئادىمىنى ئوبدان باشقۇرۇش، ئاساسلىقى كادىر - ساقچىلارنى ئوبدان باشقۇرۇش. كادىر - ساقچىلار جىنايەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۈرمىدە ئۆزگەرتكۈچىلەرگە كىرىدۇ؛ خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارغا كىرىدۇ؛ پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھامىلىگە كىرىدۇ؛ پۈتكۈل جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ دىكتاتۇرا قورالىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمىغا كىرىدۇ. شۇڭا، كادىر - ساقچىلارنى ياخشى باشقۇرغاندا، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارنى ياخشى باشقۇرغاندا ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە «باشلامچى»غا ئىگە بولغىلى، پارتكوم رەھبەرلىكىدە بىرلىكتە تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا تۈرمە ئورگىنىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما باشقۇرۇش كادىر - ساقچىلاردىن قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى كادىر- ساقچىلارنى ياخشى باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى جىنايەتچىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە باشلامچى بولۇش، ئائىلە - تاۋاباتلارنى خاتىرجەم قىلىش، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن «كىم باشقۇرۇۋاتقان بولسا مەسئۇل بولۇش»تىن ئىبارەت ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ پرىنسىپلىرىنى ھەقىقى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. (2) ئۆزىنىڭ ئىشىكىگە ئوبدان قاراش، ئاساسلىقى ئۈچ ئىشىككە ئوبدان قاراش كېرەك. تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىغا ئوبدان قاراش- ئاچقۇچ. بولۇپمۇ جىنايەتچىلەر قېچىپ كەتسە، ئۆزگەرتىش تەرتىپى قالايمىقانلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار جەمئىيەتتە قاتىللىق قىلىپ، ئوت قويۇپ، باسقۇنچىلىق قىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئېقىپ يۈرۈپ ئوغرىلىق قىلىپ، قاتىللىق قىلىپ ئۆچ ئېلىپ، ھەتتا دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر تەھدىت سېلىشى مۇمكىن. تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىغا ياخشى قاراش جەمئىيەت ئامانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا، 24 سائەت دىجورنىلىك قىلىشتا باشتىن - ئاياق چىڭ تۇرۇش كېرەك. يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ئالدىنى ئېلىش، تۈرمە تېمىنى ئېگىزلىتىش، چارلاشنى كۈچەيتىش، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەرىكەت ئەھۋالىنى ئىگىلەش نۇقتىلىق ئورۇنلارنى تېز ئىگىلەش، ئۈچ چوڭ مەيداننى باشقۇرۇش قاتارلىق ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، جىنايەتچىلەرنىڭ ھەر خىل نورمالسىز بوللار بىلەن جازا مۇددىتىنىڭ قىسقارتىلىشى، شەرتلىك قويۇپ بېرىلىشى، كېپىلگە بېرىلىشنى ئالدامچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ئۆزگەرتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ، جەمئىيەتكە داۋاملىق تەھدىت سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم، ئەلۋەتتە. ئورگان دەرۋازىسىغا ياخشى قاراش - ئەجەللىك نۇقتا. تۈرمە ئورگىنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى قورالىنىڭ بىرى، جىنايەتچىلەرنى جازالايدىغان، ئۆزگەرتىدىغان قوماندانلىق شتاب. شۇڭا، ئورگان دەرۋازىسىغا قاراشتا، ئورگان ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ دىجورنىلىك قىلىش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەرلىك - ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سىرتقى قىسمىدىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ قالايمىقانچىلىق قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىش، تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۈرمە ئورگىنىنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىنى قوغداپ، جىنايەتچىلەرنى جازالاش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىغا ياخشى قاراش - خاتىرجەملىك. ئائىلىلىكلەر قورۇسى - كادىر - ساقچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئائىلە تاۋابىئاتلار ئارام ئالىدىغان، تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، خىزمەت قىلىدىغان بازا، دىجورنىلىك قىلىش ۋە چارلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، كۈچەيتىش ئىنتايىن مۇھىم، ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئامانلىق تەرتىپى قوغدالسا، قانۇنسىز

ئۇنسۇرلارنىڭ ئۇسۇپ كىرىشىنى توسقىلى، كادىر - ساقچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئۇلارنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش، ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. (3) ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىش، ئاساسلىقى ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەم تۈرمە ئورگانلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بۇ ھەم جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ.

بىرىنچى، سىياسى تەربىيىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، خەلقئارادىكى سىياسىي ۋەزىيەت بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئامانلىق ۋەزىيىتى باغلىنىشلىق بولىدۇ، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» ستراتېگىيىسى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى جەمئىيەت ئامانلىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈشتىكى تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەر ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، «كىشىلىك كۆز قاراش، قانۇنچىلىق كۆز قارىشى، ئەخلاق كۆز قارىشى، دۆلەت كۆز قارىشى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسى تەربىيىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. ئىككىنچى، يېتىلدۈرۈش تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ قائىدىسى»ۋە«تۈرمە مۇھىتى قائىدىسى» بويىچە، جىنايەتچىلەرگە يېتىلدۈرۈش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر.

«ئۈچىنى داۋاملاشتۇرۇش»نى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. ئۈچىنى داۋاملاشتۇرۇش - باشقۇرۇش، تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ تولۇقلىمىسى، بىر تۈرلۈك كۈندىلىك خىزمەت. ياردەم - تەربىيە بېرىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنسە، جىنايەتچىلەرنى ھەقىقىي تۈردە تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ، «كېلىشىمنامە» ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈم بېرىدۇ. قائىدىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇشنىڭ مەقسىدى - ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش. يۇقىرىدىكى ئۈچ تەرەپ ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدۇ، ئۆزگەرتىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

3. ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇش

«قارار»دا جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنە «سىستېمىنى تۈتۈش، سىستېمىلىق تۈتۈش» بىلەن «سىستېما بىلەن بۆلەكنى بىرلەشتۈرۈش، بۆلەكنى ئاساس قىلىش»نى جانلىق بىرلەشتۈرۈش، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش پىرىنسىپىنى بولغا قويۇش كېرەك دەپ كۆرسىتىلگەن. بىرىنچى، يەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە ئاڭلىق بويسۇنىشىمىز لازىم، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ رايون(ناھىيە ۋە شەھەر رايونىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىگە ۋە قوماندانلىقىغا بويسۇنىشىمىز لاھىم؛ ئىككىنچى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىغا ئاكتىپ ماسلىشىشى، تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىشى، سىستېما بىلەن بۆلەكنى ئايرىۋېتىش، ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش، مەسئۇل بولىدىغان ئادەم بولماسلىق ئەھۋالىنى تۈگىتىشى لازىم. ئۈچىنچى، پارتكومنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مۇناسىپ تۈردە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇش، ئىشخانا ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى تۇتىدىغان كەسپىي كادىرلارنى تەسىس قىلىش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىپ تۇرۇش، شۇ يەردىكى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەلىك قىلىش ئاپپاراتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى، تەكشۈرۈشنى باھالىشىنى سەممىي قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

«تۈرمە قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بولغا قويۇپ، زامانىۋى، مەدەنىيەتلىك تۈرمە قۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتىدە، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بىلەن زامانىۋى، مەدەنىيەتلىك تۈرمە قۇرۇشنى جانلىق بىرلەشتۈرۈش، ھەر تەرپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تۈرمىنىڭ «جىنايەتچىلەرنى جازالاش بىلەن ئۆزگەرتىش، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن جىنايەتنى ئازايتىشتىن ئىبارەت تۈپ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق. شۇڭا، تۈرمە ئورگانلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىدە، ئۆزىنى سەرخىللاشتۇرغاندىلا ئاندىن پۈتۈن گەۋدىنى ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنى سەرخىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدۇ.

هاشىمجان ئىسمايىل (ت)

# قىزىقارلىق ئىشلار

## گۆھەر ئوغرىسىنىڭ تەلىيى

ئەنگلىيىنىڭ خان جەمەتىنىڭ ئۆنچە - مەرۋايىتى، كىمخاپ گۆھىرى ۋە شاھلىق ھوقۇق بەلگىسى سۈپىتىدىكى تاج بىلەن ھاسىسىنىڭ قىممەتلىك، ئاز ئۇچرايدىغان بۇيۇملار بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرى بىباھا قىممەتلىكتۇر. شۇڭا ئەنگلىيە خان جەمەتى ئۇلارنى لوندون مۇنارىسى ئۈستىگە قويۇپ، قاتتىق قوغدايتتى. كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ئۆنچە - مەرۋايىتلارغا كۆز سېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قوغداش قاتتىق بولغانلىقتىن ھېچقانداق كىشى ئۇنىڭغا تېگىشكە پېتىنالماي كەلگەن. بىر قېتىملىقلا بۇنىڭ سىرتىدا، يەنى 1671- يىلى توماس بورادىي ئىسىملىك ئىرلاندىيىلىك بىر تەۋەككۈلچى ئوغرىلاپ قولغا كەلتۈرۈپلىشقا ئاز قالغان. ئۇ بىر لايىھە پىلانلاپ، ئالدى بىلەن بىر چارۋىچىلىق رايونىنىڭ چارۋىچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خانىمى دەپ ئاتىۋالغان بىر ئايال بىلەن بىرگە كەلگەن، ئاندىن ئۆنچە- مەرۋايىتلارنى قوغدىغۇچى بىلەن دوست بولىۋالغان. كېيىن قوغدىغۇچى بۇ بىر جۈپ «ئەر-ئايال»نى قايتا كېلىپ زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 9- كۈنى بىرادىي ھەقىقەتەن ئىككى ھەمراسىنى باشلاپ قوغدىغۇچىنى «يوقلاپ» كەلگەن. ئۇلار ئۇشتۇمتۇت قوغدىغۇچىغا قول سېلىپ ئۇنى باغلاپ قويغان. ئارقىدىن تاج، ھاسا ۋە خان ئورنىغا سىمۋول قىلىپ ئېسىپ قويۇلغان كىرىس جازىسىدىكى شارىچىنى بۇلاپ كەتكەن. لېكىن ئۇلار قېچىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇتۇلۇپ قالغان.

ئەينى ۋاقىتتىكى ئەنگلىيە قانۇنى بويىچە خان جەمەئىتى ئۆنچە - مەرۋايىتلىرىنى ئوغرىلاشقا پېتىنغان بۇ خىل جىنايى قىلمىشلار ئۆلۈم جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلمايتتى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتىكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەنگلىيە پادىشاھى چارلس I نىڭ ئىنكاسى كىشىلەر ئويلىغاندىكىدىن باشقىچە بولۇپ، ئۇ بۇ جىنايەتچىگە قارىتا ھېچقانداق جازا بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئالتۇن ئىنئام قىلىپ، ئۇنىڭ قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتقان خان جەمەتى ئۆنچە - مەرۋايىتلىرىنى ئوغرىلاشقا جۈرئەت قىلغان بۇ خىل باتۇرلۇقنى مۇكاپاتلىغان.

## ئايال ساقچى ئوفىتسېرى قانداق قىلىپ پاھىشەگە ئايلىنىپ قالغان؟

ئامېرىكىنىڭ لوس ئانجېلېس شەھىرىدە رومان جېننى ئىسىملىك بىر ئايال ساقچى ئوفىتسېرى بولۇپ، توققۇز يىل ساقچى بولغاندىن كېيىن توساتتىن خىزمەتتىن چېكىنىپ، 180 گرادۇس بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، پاھىشە ئايال بولۇپ قالغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆلكە سېتىپ ياشاش ھاياتى ئۇ ساقچى ئىدارىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئەر ساقچى خىزمەتداشلىرىنىڭ ئايال پاھىشە ئاياللارغا ئىچىنىشلىق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكىدىن باشلانغانىكەن. ساقچى تەرەپنىڭ مالىيە ۋە سىياسىي ساھەدىكى يامان ئىللەتلىرىنى يوشۇرۇپ، جىنايەت ئويدۇرۇپ چىقىپ، پاھىشە قىلغۇچىلارنى قولغا ئېلىش ۋە توختىتىپ قويۇشى رومان جېننىنى تېخىمۇ نەپرەتلەندۈرگەن، رومان يۇقىرىغا ئۈزلۈكسىز نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ قىلچە نەتىجىسى بولمىغان، ئۇ ئۈمىدسىزلىنىپ ئىككى يىل ئىلگىرى ساقچىلىقنى تاشلاپ پاھىشە بولغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ساقچىلارنى پاش قىلىش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پاھىشە ئاياللارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىگىلەش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ئۇ يەنە لوس ئانجېلېستىكى ساقچىلارنىڭ چىرىكلىشىش ئەھۋالىنى ئاشكارىلايدىغان كىتابنىڭ بىرنى يازغان.

ئۇ كىتابتا، ئۇ نۇرغۇن ساقچىلارنىڭ ھوللىۋۇت ئارتىسلىرىنىڭ «جىنسى بىغەشلىرى»غا قاتناشقانلىقى، شۇنىڭدەك بىر نەپەر پاھىشە ئايالنىڭ شۇنداق يامان خاھىشىنىڭ ئاشكارلىنىشى بىلەن قانداق يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بەرگەن. كىتابنىڭ ئاساسىي قىسمى— بىر نەپەر ساقچى بىر نەپەر پاھىشە ئايالنىڭ سىرلىق ھالدا ئۆلگەنلىكى، ئۆلۈش سەۋەبى شۇ دېلونى سوتلاش ئىشىنىڭ لوس ئانجېلېستىكى ساقچى تەرەپنىڭ ئىچكى قىسمىغا تاقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇ دېلو گۇۋاھچىسىنىڭ ئۆلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئايىقى چىقماي ئاخىرلاشقان.

## ئوغرىنىڭ تورغا چۈشۈشى

ئىسرائىلىيىدە 22 ياشلىق بىر ئوغرى بولۇپ، يېقىندا خائىشخادىكى ھەشەمەتلىك بىر ئۆيدىن زور بىر تۈركۈم مال - مۈلۈك، بىر ئاپتوموبىل، بىر قانچە پارچە داڭلىق رەسىم ۋە بىر دانە كۆچمە تېلېفون ئوغرىلىغان. دېلونى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئايال ساقچى راھامى ئوغرىنى تۇتۇشنى پىلانلاپ، مەزكۇر ئوغرىنىڭ كۆچمە تېلېفونىغا كۆپ قېتىم تېلېفون بەرگەندىن كېيىن، ئوغرى ئاخىرى تېلېفوننى ئالغان. ھامى بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلا - قىلمايلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوغرى بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان. ئوغرى ياسىنىپ كېلىپ ئۇچراشقاندىن كېيىن، بۇ «زېرىكىپ قالغان قىز»نىڭ ئەسلى ئايال ساقچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. نەتىجىدە بۇشۇرۇنۇۋالغان ساقچى نەق مەيداندا ئادەم ۋە زاڭ مالنى بىراقلا قولغا چۈشۈرگەن.

رەيھانگۈل خالىق (ت)

[illegible]
[illegible] 12 [illegible]

# شەھەرلىك بەلگە: تاشقى ئۆسمىسى

- خوگوخوڭنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش، چېكىش دېلوسىدىكى بەۋقۇلئاددە زور شايكىنى قوغلاپ يۈرۈپ يوقىتىش توغرىسىدا

شۇي شۇ

1. بۇ دېلونىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلدى، ئاخبارات بۆلۈمى باشلىقى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر يىپ ئۇچىنى تەسادىپى تېپىۋالدى.

ئاپرېل، سوغۇق شامال ئاربىلاش سىم-سىم يېغىۋاتقان يامغۇر كىشىلەرگە باھار جۇدۇنى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنخۇا شەھىرىدىكى جۇڭگىشەن يولىغا جايلاشقان بىر چوڭ بىنادا، بىر نەچچە ساقچى ئوفىتسېر جانابى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنىڭ دوكلاتىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاپ گويا ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى چوڭ تاش بېسىپ تۇرغاندەك ھېس قىلدى. ئەگەر ئاخبارات راستلا بولسا، بۇ شەھەردە ساقچىلار تېخىچە ئىگىلىۋالمىغان زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش شايكىسىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

جىنخۇا ئەلمىساقتىن بېرى قاتناش تۈگۈنى، بېغىلىقلار تاللىشىپ كەلگەن جاي ئىدى. مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، لى چىڭجاۋ سەككىز ئەۋلىياغا مەدھىيە راۋىقىدا تۇرۇپ:

«سۇلىرى تۇتاش ئۈچ مىڭ چاقىرىم ئاياغ ئىقلىمىنىڭ، ھاۋاسى ھەم ئوخشار ئاياغىتىكى ئون تۆت ئايماقنىڭ» دېگەن نەزمىنى ئوقۇغان ئىكەن. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل جۇغراپىيىلىك شارائىت بولغىنى ئۈچۈن، ئىچكى بازارلارغا كۆز تىككەن بىر قىسىم زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى جىنخۇانى جياڭشى، جېجياڭغا زەھەرلىك چېكىملىك يېيىپ تارقىتىدىغان بەرگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. لېكىن جىنخۇادىكى ساقچى تەرەپنىڭ قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشى ۋە كۈچلۈك زەربە بېرىشى بىلەن، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى بۇ يەردە پۇت دەسسەپ تۇرالمىغان ئىدى. 1995- يىلغىچە شەھەر رايونىدىكى 20 نەچچە يەردە ئەپيۇنكەشلىككە خېرىدار جەلپ قىلىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈشكە بوران تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەنىدى.

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش شايكىسىنىڭ پەيدا بولۇشى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ جېجياڭنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن، زەھەرلىك چېكىملىك چەكلەش ۋەزىيىتىنىڭ بىردىنلا باھاردىكى جۇدۇنغا ئايلىنىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ئوتتۇرا ياشلىق بىر ساقچى ئوفىتسېر بىر ھازا چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندىن كېيىن: ئاخبارات بۆلۈمى يىپ ئۇچىنىڭ راستلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىسا، ئەگەر شەھەر رايونىدا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش شايكىسى مەۋجۇت بولسا، جانابى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى خۇددى تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسى قىلغانغا ئوخشاش جىنخۇانىڭ تېنىدىكى يامان سۈپەتلىك بۇ ئۆسمىنى ئۈزۈل - كېسىل كېسىپ تاشلىشى كېرەك، دېدى.

يىغىندىن كېيىن، ساقچى تەرەپ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بارلىق تەھقىقلەش ئاپپاراتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، شەھەر رايونىنىڭ خۇا يۈەن يولىدىكى مەلۇم بىناغا پۈتۈن كۈن يۆتكىلىپ يۈرۈپ كۆزىتىشكە باشلىدى.

تەھقىقلەش ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، گەرچە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش شايكىسى ۋاقىتىنچە سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، خىلمۇ-خىل ئالامەتلەر بۇنىڭ بىر چوڭ شايكا بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ دەل مۇشۇ شەھەر رايونىدا ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى.

دېلودىكى باش جىنايەتچى بىلەن دېلو يۈز بەرگەن ۋاقىتنى بېكىتىش تەسكە توختىغانلىقتىن، دېلو تۇرغۇزۇش

ئارخىپدىكى دېلونىڭ شەرتلىك بەلگىسىنى بېكىتىشمۇ قىيىنغا توختىدى. بەزىلەر: بۇنى تاشقى كېسەللىكلەر ئاپىراتسىيىسى، دەپ ئاتىمىساقمۇ بولار، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

4. ئاينىڭ 23. كۈنى، دېلودىكى جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىش ئالامىتى بايقالدى.

يىلاننى ھۇركۈتۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى مەخپىي قولغا ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى.

چۈشتىن كېيىن، پۇقراچە كىيىنگەن تۆت جىنايى ئىشلار ساقچىسى نىشان تۇرغان بىناغا ئاستا يېقىنلاشتى.

مەلۇم كورپۇستىكى 1605. نومۇرلۇق ئۆي، مېھمانخانىغا ئىشلىتىلىدىغان، كەڭ، قارا رەڭلىك ساپ خۇرۇم كرېسلوسى قويۇلغان بولۇپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان مەرمەر تاش قويۇلغان يەردىن ئۆز ئەكسىنى كۆرگىلى بولاتتى. كەڭ دېرىزىلىق



سۈكشىيا ماركىلىق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن كۆرۈشكە ئەيمەنگۈدەك شەھۋانى كۆرۈنۈشلەر قويۇلماقتا ئىدى.

شەرق تەرەپتىكى ھۇجرىغا ساپ يۇڭدىن توقۇلغان توق قىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۈچ ياش ھۇدۇقىنىچە كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلايدۇ.

«ساقچىلار چوڭ ھەرىكەت باشلاپتۇ، سىرتقا چىققاندا ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋوي، سەن ھېلىقى بولاقتىكى خىروئىننى ئېلىپ كەل».

«مۇشۇ بىر بولاقلا ئېشىپ قالدى».

ئىگىز رەڭ كەلگەن بىر ياش ئەسنىگەن ھالدا تارتمىدىن شپرىتسنى ئېلىۋېتىپ: «ئەتىكى قوبۇرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا-دە» دەيدۇ. ئۇلار ئۈچىسى كېلىشىۋالغاندەك خىروئىننى سۇيۇلدۇرغاندىن كېيىن شپرىتسقا سېلىپ يىڭنىنى تۇرۇپ بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ ئۇرۇشىدۇ.

ئوكۇل يىڭنىسى ئۇرۇلۇشىغا ئۇلارنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سوغۇقلۇق ئاستا-ئاستا تېنىگە ماڭغاندا ئۇلارنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇ رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

«قىمىرلىما! بىز شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىن!» تۆت نەپەر جىنايى ئىشلار ساقچىسى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھازىر بولىدۇ.

سىرتتا قاتمۇ-قات ئۈچ ئىشىك تۇرسا، بۇ ساقچىلار قانداق كىرگەندۇ؟ جىنايەتچىلەر ھۇدۇقىنىدىن ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېشىپ قالغان خىروئىن، شەھۋانى سىنئالغۇ لېنتىسى ھەمدە زەھەرلىك چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرىدىغان شپرىتس قاتارلىق دەلىل-ئىسپاتلار تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇتەھەملىك قىلىشمۇ بىھۇدىلىك بولاتتى. ئۈچىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىگە ئېلىپ بېرىلىپ سوراق قىلىنغاندا، شەھەرگە كىرگەن زەھەرلىك چېكىملىكنى خۇ گوخۇڭ، ۋاڭ جېڭبىڭ قاتارلىقلارنىڭ قولىدىن ئالغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا ئىقرار قىلىدۇ.

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى رەھبىرى: «خۇ گوخۇڭ، ۋاڭ جېڭبىڭنى دەرھال تۇتۇڭلار!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ.

2. خۇ گوخۇڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرىغا: «سىلەر خۇ گوخۇڭنى ئىزدەمسىلەر؟ ئۇنى بىر ئاغىنىسى قىزىل بەش يۇلتۇزلۇقنى ئوينايمىز، دەپ چاقىرىپ كەتتى، بۇدرە چاچ سەن ئۇلارغا يول باشلا» دېدى.

خۇ گوخۇڭنى تۇتماقچى بولغان ئىككى نەپەر جىنايى ئىشلار ساقچىسى دەرھال نىشان تۇرۇشلۇق قاراپ تېزلىكتە يۈرۈپ كېتىدۇ...

«خۇ گوخۇڭ!»

ئىشىك ئېچىلىدۇ، قىياپىتىدىن جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرغان بىر ياش ئىشىك تۈۋىدە چاقىرىلمىغان بۇ ئىككى مېھمانغا نەزەر تاشلايدۇ: بۇ ئىككىسى ناتونۇش بولۇپ، كىيىمى ئادەتتىكىچە ئىدى، تاشقى قىياپىتىدىن لاغايلاپ يۈرۈدىغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىنتايىن سەزگۈر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

كۆڭۈلدە سان پەيدا بولدى، بۇ ئىككىسىنىڭ ساقچى بولۇشىدا گەپ يوق. ئۇ ئۆيگە كىردى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئاشكارىلىسا ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى، ھەش - پەش دېگۈچە ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ قىلغان ئەتكەنلىرى ئاقىۋەتتە قارىغۇنىڭ چۈچۈرە يېگىنىگە ئوخشاش ناھايىتى ئاسانلا پاش بولۇپ قالغان بولار ئىدى. ئۇ ساقچىلارنىڭ ئالدىدا مەڭگۈسىنىڭ كۆڭلىنى توختاتقان بولدى.

ئۇ خاتىرجەم ھالدا:

«سىلەر خۇ گوخۇڭنى ئىزدەمسىلەر، يېرىم سائەت بولدى، بىر ئاغىنىسى كېلىپ ئۇنى «قىزىل بەش يۇلتۇز»لۇقنى ئوينايمىز دەپ چاقىرىپ كەتتى، ئالدىدىكى بىنادا، بۇدرە چاچ، ئۇلارغا يول باشلا» دېدى.

قەددى-قامىتى بەستلىك كەلگەن، چېچى بۇدرە بىر ياش چىقىپ ئىككى ساقچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ بىنادىن چۈشتى.



40-50 مېتر ماڭغاندىن كېيىن، بىر ساقچى ئۇنىڭدىن:

— خۇ گوخۇڭ قايسى بىنادا؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىمىزدا، ئۇ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىدۇ.

— قايسىنىڭدا؟

بۇدرە چاچ پەرۋاسىزلىق بىلەن ئالدى تەرەپنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچىنى مۇقىم يۆنىلىش ئەمەس ئىدى، ساقچىلار بىردىنلا سەگەكلىشىپ بۇغما چاچقا سوڭدىشىپ ماڭدى. بۇغما چاچ خالتا كوچىنىڭ شەرقىدىن غەربكە بۇرۇلۇپ ماڭدى، بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، ئۇ تۇيۇقسىز پۇتىنى ئىشقا سېلىپ ساقچىلارغا پەشۋا ئېتىشقا ئۇرۇندى.

ئاللىقاچان تەييارلىق ھالىتىدە تۇرغان پاكار بويلۇق ساقچى ئۇنىڭ چېچىنى قامالاپ تۇتۇۋالدى-دە، كۈچىنى ئىشقا سېلىپ يەرگە ئاتتى. «بۇغما چاچ» ئىگىز كۆتۈرۈلۈپ يەرگە گۈپپىدە چۈشتى.

— سەن ئەبلەخ ساقچىغا تىگىشكە جۈرئەت قىلىۋاتامسەن؟ تېز ئېيت، خۇ گوخۇڭ نەدە؟

— ھېلىلا سىلەرگە گەپ قىلغان ئادەم شۇ.

يەنە بىر ساقچى يۈز مېتر يەرگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ ماجياڭ ئولتۇرغان ئۆيگە بۆسۈپ كىردى.

ماجياڭ ئۆرۈزقىلىرى يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى، تېخى ئۇچمىگەن تاماكىدىن سۇس ئىس چىقىپ تۇراتتى، ئەمما ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

بۇغما چاچ جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىگە ئېلىپ كېلىنىپ سوراق قىلىنغاندا، ئۆزىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ لۈجۈن ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئىقرار قىلمايدۇ.

جىنايى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى رەھبەرلىكى خۇ گوخۇڭنىڭ سىرتقا قېچىپ كەتسە باشقا شايكىلىرىنى چۈچۈتۈپ قويۇش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئويلىنىپ، ئىدارە باشلىقىغا دوكلات قىلىدۇ ۋە باشقا جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىۋاتقان ساقچىلارنى مۇشۇ دېلوغا كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر مەيدان قوغلاپ تۇتۇش، قورشاپ يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلىدۇ، زەھەرلىك چېكىملىك جىنايەتچىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش جېڭى باشلىنىپ كېتىدۇ.

4- ئاينىڭ 25- كۈنى، مەزكۇر شايكىدىكى ئايال قولچوماق سۇڭ ×× تاكسىغا ئولتۇرۇپ بۇڭكاڭغا قېچىش سەپىرىدە تەۋە رايوندىكى دۈڭگۈەندە قولغا چۈشۈرۈلدى.

سۇڭ ×× شەھەر رايونىدىكى خېلى داڭلىق تانسىخانىلاردا «ئۇچىتە ھەمراھ» بولۇپ روناق تاپقان، بۇ يىل 21 ياشقا

كىرگەن، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن قىز ئىدى. ياھشۇازلار ئۇنى كۆرگەندە تىلىنى تامشىپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىشاتتى-دە، ئۇنىڭغا «بۇلدۇرگەن» دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. «بۇلدۇرگەن»نىڭ كونا دەسمايىسى بارلىقىنى ساقچىلار ئوبدان بىلگەچكە، ناھايىتى تېزلا ساقچىلارغا ماسلىشىدىغان ئەلپازى بىلەن بىر ئاز تېنىۋالغاندىن كېيىن ئون نەچچە نەپەر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىنى ھەمدە لۇجۇننىڭ شايكىسىدىكى ئاساسىي جىنايەتچىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدەك پاكىتنى ئىقرار قىلدى.

كۆچلۈك سىياسىي ھۇجۇم ۋە ئاجايىپ ماھارەت بىلەن سوراق قىلىش نەتىجىسىدە، لۇجۇن خۇ گو خۇگىنىڭ شەھەردىكى ئاشىنىسىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە دېلودىكى باشقا بىر نەچچە جىنايەتچىنى پاش قىلىدۇ.

دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، جىنابى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتى بىر قىسىم كادىر ـ سقاچىلارنى تۆت جەڭگىۋار گۇرۇپپىغا تەشكىللەيدۇ: بىر گۇرۇپپا ئاساسىي جىنايەتچى ۋاڭ جېفېڭنى تۇتۇشقا مەسئۇل بولىدۇ؛ ئىككىنچى گۇرۇپپا تېخنىكىلىق خىزمەتكە مەسئۇل بولىدۇ؛ ئۈچىنچى گۇرۇپپا لۇجۇن، سۇڭ ×× قاتارلىقلارنى داۋاملىق سوراق قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، تۆتىنچى گۇرۇپپا خاڭجۇ، شياۋشىن، ۋېنجۇ قاتارلىق جايلارنى كونترول قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

خۇ گوخۇگىنىڭ ئاشىنىسى جىنابى ئىشلار رازۋېدكا تارماق ئەترىتىگە «تەكلىپ» قىلىپ كېلىنىدۇ. ئۇ خۇ گوخۇڭ بىلەن بولغان ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشقا، ساقچىلار سورىغان بارلىق سوئاللارغا يىغلاپ ماڭقىسىنى ئېقىتقىنىچە جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ھەممە بەرنى ئالا قويماي دەسسەپ نۇرغۇن ئەرلەرنىڭ كۆزلىرىنى غەلەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، شۇ تاپتا كۆز ئالدىدا تۇرغان ئەرلەرنىڭ ساقچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

ساقچىلار ئۇنىڭ بارماقلىرىدىكى يېرىقلارنى يوشۇرۇۋالغانلىقى، كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان خۇدۇكسىرەش ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مۇھىم مەسىلىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. رەھبەرلىكتىن بولىيۇرۇق سوراش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىنى قانۇن بويىچە ئاختۇرۇپ، شەكلى ئالاھىدە بىر دانە ئۇسكۇننى بايقايدۇ. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزۇدىغان مەخسۇس ئۇسكۇنە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلايدۇ.

«بۇ خۇ گوخۇگىنىڭ نەرسىسى» دەپ ئىقرار قىلىدۇ «بۇلدۇرگەن».

تېخنىكا خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىككىنچى گۇرۇپپا شەھەردە بىرقانچە قېتىم يۈز بېرىپ پاش بولمىغان بىخەتەر ئىشكاپنى چېقىپ ئوغرىلىق قىلىش دېلوسى يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا كېلىپ تەھقىقلەش ئېلىپ بېرىپ، ئىزلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، بۇ قورالنىڭ بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزۇشقا ئىشلەتكەنلىكىنى بېكىتىدۇ.

لۇجۇن بۇرۇن ئوغرىلىق قىلىپ جازالانغان، ئۇنىڭ بارماق ئىزى بىلەن نەق مەيداندىكى بارماق ئىزى ئوخشاش چىقىدۇ.

لۇجۇن پۈلاتتەك پاكىت ئالدىدا ئۆزىنىڭ ۋە خۇگوخۇگىنىڭ شەھەر رايونىدا ئون نەچچە بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزغانلىق جىنايەت پاكىتلىرىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش دېلوسى ۋە پەۋقۇلئاددە زور ئوغرىلىق دېلوسىنى پاش قىلىدۇ.

دېلو ئەھۋالىدا زور ئىلگىرىلەش بولىدۇ، بۇ خۇش خەۋەر ساقچىلارغا خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، ئەمما «بۇلدۇرگەن يوقاپ كەتتى» دېگەن كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر خەۋەر تۇيۇقسىز تارقىلىدۇ.

4. ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، «بۇلدۇرگەن» لەقەملىك سۇڭ ×× جىنايى ئىشلار ساقچىلىرىغا قەسەم بېرىپ ئۆزىنىڭ ساقچى تەرەپكە ماسلىشىپ شېرىكلىرىنى تۇتۇپ بېرىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇيۇش ئىپادىسىنى بىلدۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا چاقىرغۇ بېرىپ ئادەم ئىزدەتكۈزۈدۇ. ئۇ يالغاندىن سىرتقا چىقىپ ئادەم ئىزدىگەن بولۇپ قويرىقىنى تىكىۋېتىدۇ.

3. «بۇلدۇرگەن» قوش كىشىلىك كارىۋات ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر ئايال، ئىككى ئەرمۇ قولغا چۈشتى

1995- يىل 8- ئايدا، «بۇلدۇرگەن» سېرىق مەزمۇندىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاش مەخسۇس كۈرىشىدە تورغا چۈشۈپ، ئامانلىق بويىچە جازالانغان.

جىنخۇاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ جېفېڭ قاتارلىقلاردىن داۋاملىق زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋالغان. ھەرقانداق ۋاقىتتا خېرىدىن سېتىۋالغىلى بولسىمۇ، بىراق باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى ئىدى. ۋاڭ جېفېڭ قاتارلىقلار ئاچچىسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ ھەر گىرامىنى 180 يۈەنلىك ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىپ بەرگەن.

زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋېلىشقا پۇل تېپىش ئۈچۈن، كەيپلىكنىڭ مەپتۇن قىلىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا تېنىنى سېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ناخشا، تانسا، ئولتۇرۇشقا جۈر بولۇشتىن كېلىدىغان تاپاۋىتىمۇ ئازلاشقا

باشلىغان.

كىشىلەر ئۇنىڭدىن خۇددى توك سىمىغا ئېسىپ قويغان كېسەل داۋالاش ئېلانىدىن ئۈركىگەندەك قاچقان.

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، نومۇسىنى سېتىش ئاخىرى ئۇنى بارلىق ئەخلاق، نومۇستىن مەھرۇم قىلغان، ئۇ تامامەن ئۆتكۈنچى خۇمار ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتىنى باشقۇرۇدىغان كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان.

4ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنى، «بۇلدۇرگەن» ئالاقزادىلىك ئىچىدە قېچىپ كەتكەن، ئۇ بىر قىسىم ئاكىلىرى، ھەدىلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تورغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن، پۇل ئۆتنە ئالغۇدەك ئادىمى قالمىغان، ئۇنىڭ ئۆمىدى ئۈزۈلگەن، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ توساتتىن مەلۇم دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئاكىلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغان. ئۇ ئاكىلىرىنى كۆرۈپلا كۆزىنى قىزارتىپ:

«ساقچىلار مېنى تۇتماقچى، سەن ماڭا يوشۇرۇنغىدەك يەر تېپىپ بېرىشكە ياردەم قىل» دېگەن.

ھېلىقى ئاكىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدىمۇ ياكى باشقا مۇددىئاسى بارمۇ بىلگىلى بولمايتتى، ئەمما ئۇ بىر ئەر، بىر ئايالنى قوشۇپ سۇڭ ×× نى جىنخۇا ناھىيىسىنىڭ لىنغۇ يېزىسىدىكى بىر كەنتكە ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا چىقىدۇ، ئىككى ئايال ئىككى چەتتە، ئەر ئوتتۇرىدا ئۇخلايدۇ. سۇڭ ×× تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىدۇ...

ئىككى سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، ئۇچىسىغا ھەيۋەتلىك ساقچى فورمىسى كىيگەن بىر قانچە ئەزىمەت كارىۋات ئەتراپىدا پەيدا بولىدۇ.

ساقچىلار بۇ قېتىم «بۇلدۇرگەن»گە ئانچە تۇزۇت قىلمايلا ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالىدۇ.

«بۇلدۇرگەن»نىڭ ئارخىپىغا بىر يېڭى جىنايەت ـ لۇكچەكلىك جىنايىتى قوشۇلىدۇ.

4. ئاۋات 1ـ ئاۋغۇست يولى، شەرقى خەلق يولىدا بىر قانچە جىنايى ئىشلار ساقچىسى ۋاڭ جېفېڭنىڭ ئىزىغا تىۋىشسىز چۈشىدۇ.

ۋاڭ جېفېڭ بەستلىك كەلگەن بىر ئەركەك. ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا، بەش ئەزاسى بىجىرىم كۆرۈنەتتى. ئەمما كىيىمىنى سېلىۋېتىپ قارىغاندا بىلەكلىرىدە چۇمۇلە مېڭىپ ئۆتكەندە پەيدا بولغان ئىزدەك ئىز ــ يىڭنە تۆشۈكچىلىرى بىلەن تولغان ئىدى، كەسىپداشلىرى ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇدىغانلاردىن ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايتتى.

بەزى ماتېرىياللاردا ئىسپاتلىنىشىچە، ۋاڭ جېفېڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىپلا قالماي، بەلكى خۇ گوخۇڭ بىلەن جىنخۇا قاتارلىق جايلاردا زور مىقداردا خىروئىن ساتقان. بۇنىڭدىن



قارىغاندا، ۋاڭ جېفېڭنى قولغا چۈشۈرگەندىلا ئاندىن خۇ گوخۇڭنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگىلى بولاتتى.

تور يېيىپ كۆزىتىۋاتقان جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ۋاڭ جېفېڭنىڭ تورغا چۈشمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئومۇملاشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ۋاڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ نەگە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بىلىدۇ، دەپ قاراپ، دەرھال ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، ۋاڭ جېفېڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىزىغا چۈشىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە، ۋاڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆيلىرىدىن چىقىپ «1ـ ئاۋغۇست» يولى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ.

سائەت بەشتىن 31 مىنۇت ئۆتكەندە، نىشان كوچا ئېغىزىدىن كېسىپ ئۆتۈپ بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرىدۇ. ئىز قوغلاپ كەلگەن ساقچى دېرىزە تۈۋىدىكى شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىشىغا ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

سائەت يەتتىدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، نىشان تۇيۇقسىز شەرق يولىدىكى بىر خالتا كوچىغا بۇرۇلۇپ، بىر بىناغا كىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.

ئىز قوغلاپ كەلگەن ساقچىلاردىن ئىككىسى دەرھال كەينى ئىشىكنى، يەنە ئىككىسى ئالدى ئىشىكنى قامال قىلغاندىن كېيىن ئىشىكنى چېكىدۇ.

ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ساقچىلار ئۆيگە كىرىپ ۋاڭ جېفېڭنىڭ بىخارامان تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «ۋاڭ جېفېڭ، بىز شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىن،

سىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سوراق قىلىمىز» دەيدۇ.

«بولدۇرگەن» بىلەن ۋاڭ جىفېڭنىڭ تورغا چۈشكەندىن كېيىنكى ئاغزاكى ئىقرارىغا ئاساسلانغاندا، دېلوغا چېتىلغان ئادەم بىراقلا 60تىن ئېشىپ كېتىدۇ. جىنايى ئىشلار ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ ئىشخانىلىرىمۇ سوراق بۇلۇڭىغا ئايلىنىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان گۇماندارلار، دېلولار خۇددى دېھقانلار خواسىڭ ئالغاندەك قازغانسىرى قېزىلىپ چىقىۋېرىدۇ. دېلو ئەھۋالىمۇ خۇددى مىڭ يىللىق دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك چىگىشلىشىپ كېتىدۇ. ساقچىلار كېچە ـ كۈندۈزلەپ خىزمەت قىلىپ، كۆزۈنۈشتە سالاپەتلىك، ئەمەلىيەتتە زەھەرلىك چېكىملىك خۇمارى بولغان ساختىپەزلەرنى بىر ـ بىرلەپ يېزىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئىسمى ۋاڭ جون، بۇ يىل 23ياش. بىر قانچە يىلدىن بېرى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا كۆپ پۇل تاپالمىغان بولسىمۇ، هازىر ھېسابات دەپتىرىدە يەنە 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلى باركەن.

ئۇ ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ زەھەرلىك چېكىملىككە ئۆگەنگەن، ئاغىنىسى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتۇپ: تاماكىدا خېروئىن بار، دېگەن. قىزىقىپ خېروئىننى قەغەزگە قويۇپ كۆيدۈرۈپ بۇرنى بىلەن چەككەن، ئىچى ئېلىشقان ئەمما كېيىن بىردىنلا راھەتلىنىپ لەيلەۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلگەن، بىر قانچە قېتىم چېكىپ خۇمار بولۇپ قالغان.

ئۇزاق ۋاقىت زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش جەريانىدا، 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى تۇتۇنغە ئايلاندۇرۇۋەتكەن.

بىر نەچچە يىل زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن لۇ×× نىڭ تۇرقىمۇ قورۇيدەك بولۇپ قالغان، تېرىسىمۇ كۆكىرىپ كەتكەن، لەۋلىرى گەز باغلىغان.

ئۇ جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ ئىچىدىكى 28 ئايالنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنى شەھۋانىلىق، نومۇسسىزلىق، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن سۈپەتلەشكىمۇ بولاتتى.

ئۇ ئىپپەت نومۇسنى سېتىشتىن كەلگەن پۇل زەھەرلىك چېكىملىك سېتىۋېلىشقا يەتمىگەنلىكتىن يۈزىنى داپتەك قىلىپ پاھىشۋازلاردىن مەدەت تىلەشكە باشلىغان. شايكىلار بىلەن ئىپپەت نومۇسنى سېتىش سودىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھەرقايسىسى ھەرقايسى تەرەپكە چىپىشقان. ئۇ: «ۋېلىسىپىتىم ئىككى كۈن ئىلگىرى ئوغرىلاپ كېتىلدى، بىر ئاز ياردەم قىلساڭلار» دەيدۇ ياكى «قولۇمدا هازىر قىزىقارلىق 3 ـ دەرىجىلىك فىلىم بار، لېكىن سىنقويغۇ يوق. ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بىر كېچە ئويلۇنۇپمۇ سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرۈدىغان بىرەر يەرنى تاپالمىدۇق. ساقچىخانىغا تۇتۇلۇپ قالساق، سىزنى دەپ قويسام، سىزنىڭمۇ جەمئىيەتتە يۈزىڭىز چۈشۈپ كېتىدۇ» دەيدۇ. مۇشۇنداق ئاياللارغا يولۇققانلار ئۇلارغا پۇل بېرىشتىن باشقا يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟

زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئاياللارنى ئەنە شۇنداق نومۇس قىلمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپلا قويماي بەلكى يەنە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ.

1995 ـ يىلى سىبىرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەر تازىلانغاندىن كېيىن، جىنخۇا شەھىرىدىكى نومۇسنى سېتىش، پاھىشۋازلىق قىلىش رەزىل هادىسىلىرى چەكلەندى. لېكىن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشنىڭ يامرىشىغا ئەگىشىپ، ئىپپەت نومۇسنى سېتىش قىلمىشى، پاھىشۋازلىق قىلمىشى يەنە باش كۆتەرگەن.

زەھەرلىك چېكىملىك ــ بارلىق رەزىللىكلەرنىڭ مەنبەئى.

5. ساقچى ماشىنىسى ۋىنجۇغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. جىنايى ئىشلار ساقچىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ: جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇن تورىدىن قېچىپ كېتىشىگە يول قويماسلىق.

1995 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، خۇ گوخۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ۋىنجۇدا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى ئاخباراتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تۈن نەپەر ياش، قاۋۇل ساقچى ماشىنا بىلەن دەرھال ۋىنجۇغا قاراپ ئاتلىنىدۇ.

جىنايەتچىلەر قاچقان تەرەپنى بويلاپ يولبويى كۆزىتىپ ئىز قوغلىدى. روبىئەندە 10 نەچچە كۈن مېھمانخانىلاردا تۇرغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئاختۇرۇپ، خۇ گو خۇڭنىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنىڭ نومۇرىنى تاپىدۇ، گەرچە ئىسمىنى ئۆزگەرتىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن جىنايەتچى بۇ خىل ئەرزىمەس ھۈنەرنى ئىشلىتىپ ساقچىلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى بىر مېھمانخانىغا يېتىپ بارغاندا، مۇلازىمەتچى خۇ گوخۇڭنى ناھايىتى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئەمما، مۇلازىمەتچىنىڭ: «خۇ گوخۇڭ ئىككى كۈن ئىلگىرى كېتىپ قالدى» دېگەن جاۋابى ساقچىلارنى مەيۈسلەندۈرۈپ قويىدۇ.

خۇ گو خۇڭنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىر مەھەل بىلگىلى بولمىغاچقا، ساقچىلار ئىچ ـ ئىچىدىن تىت ـ تىت بولىدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن قولغا چۈشكەن خۇنىڭ بىر شايكىسىدىن خۇ گوخۇڭنىڭ ساڭنەن ناھىيىسىگە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلارساڭنەن ناھىيىلىك ج خ

ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، خۇ گو خۇئىغا دائىم زەھەرلىك چېكىملىك سېتىپ بېرىدىغان شۇ يەرلىك زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىسىنىڭ ئەمدىلا تۇتۇلغانلىقىنى بىلدۇ، خۇ گوخۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قالسا يەنە قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. قوغلاپ تۇتۇش گۇرۇپپىسى دەرھال يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ شىرىككە: خۇ گوخۇڭ، پۇل تەق بولدى، رۇيشەندىن بىرلىكتە شاڭخەيگە كېتەيلى، دەپ ئالاقە قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. سىرتقا قېچىپ يۈرگەن ئادەم ئەلۋەتتە پۇلغا مۇھتاج-دە، خۇ گوخۇڭ قارىماققا ئېلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ رۇيشەنگە كېلىپ ئۇچرىشىدىغان ئورۇنغا بارغاندىن كېيىن ماشىنىسىنى توختاتمايدۇ، يوشۇرۇن كۈزىتىۋاتقان ساقچىلار ئۇنىڭ يول سوراش كومىدىيىسىنى ئويناۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. دېگەندەك، ماشىنا يۈز مېتىردەك ماڭغاندىن كېيىن خۇ گو خۇڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇچرىشىدىغان يەرگە قاراپ كېلىدۇ. خۇ گوخۇڭ مېھمانخانىغا كىرىپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقماي باش مۇلازىمەت ئورنىدىكى مۇلازىمەتچىدىن:

— 627- نومۇرلۇق ياتاقتا قانچە ئادەم بار؟ — دەپ سورايدۇ.

— بىر ئادەم، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ مۇلازىمەتچى ساقچىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە.

خۇ گوخۇڭ خاتىرجەم هالدا ياتاققا كىرىپلا هاڭ - تاڭ قالىدۇ. ئۇنى كۈتىۋالغىنى ئۇنىڭ شېرىكى بولماستىن بەلكى تاپانچىنىڭ قاراسنولى ئىدى. خۇ گوخۇڭ تورغا چۈشكەندىن كېيىن، بارلىق قىلمىشلىرىدىن تېنىۋېلىشنىڭ بىهۇدىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، يەنە بىر شېرىكىنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئۆزىنى كۈتىۋاتقانلىقىنى دەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ شېرىكى ئوغۇشلۇق قولغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە بىر سىنىڭ ساڭنەن ناهىيىسىدە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ.

سانتانا ماركىلىق ساقچى ماشىنىسى دەرھال يولغا چىقىدۇ.

ساقچىلار ساڭنەن ناهىيىسىگە يېتىپ كېلىپ مەلۇم مېهمانخانىنىڭ 317- نومۇرلۇق هۇجرىسىغا كىرىدۇ.

ئىشىك چېكىلگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن بىر ئايالنىڭ جىنخۇا تەلەپپۇزىدا: «كىم؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

ئىشىك شەپىسىز ئېچىلىشىغا ياش ئايالنىڭ ئىككى قولى كەينىگە قايرىلىۋېلىنىدۇ.

ئايال پالەچتەكلا بولۇپ قالىدۇ، كارىۋاتتا بىر تال خىروئىن سۈيۈقلۇقىنى ئۇرۇش شپىرىسى، گىلەم ئۈستىدە تۈرمۈش بۇيۇملىرى قالايمىقان تۇراتتى، مەخپى سەپەرلىك چامادان يېرىم ئېچىقلىق ئىدى، بۇنىڭدىن بۇ ئايال خىروئىننى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندىن كېيىن نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بۇ يەردىن كېتىشكە تەييارلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

خۇ گو خۇڭ خۇمارى تۇتقانلىقتىن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ ئېغىناتتى، ئۇنىڭ پۇت - قولى تارتىشىپ قالدى، ئۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چېكىشنى تەلەپ قىلدى. جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئۇنىڭدىن: سەن خۇمار بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىۋاتىسەن، سەن ئۆزەڭگە زىيانكەشلىك قىلىش بىلەن يەنە قانچىلىغان ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلدىڭ؟ دەپ سورىدى.

1993- يىل 9- ئاي. خۇ گوخۇڭ شىنجېندا تىجارەت قىلىۋاتقان مەزگىلدە، بىر توپ خۇنەنلىك چېكەرمەنلەر بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەسۋەسىگە سېلىشى بىلەن ئۇ بىر قېتىم چېكىپلا خۇمار بولۇپ قالىدۇ. خۇ گوخۇڭ ئۇلارنىڭ قولىدىن 75 يۈەن باهادا 350 گرام سېتىۋېلىپ، 12- ئايدا خۇنەنگە ئاپىرىپ بىر گرامنى 120 يۈەن باهادا 175 گرام ساتىدۇ.

جىنخۇاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باشقا جايدىن كەلگەنلەر ۋە جىنخۇا شەھىرىدىكى بىر قىسىم ئاغىنىلىرىغا خېروئىن سېتىپ بېرىپ جەمئىي 20-30 مىڭ يۈەن زاڭ پۇلغا ئىگە بولىدۇ.

زەھەرلىك چېكىملىك سېتىشتىن كەلگەن غايەت زور پايدىنى كۆرگەن خۇ گوخۇڭ يەنە بىر قېتىم تەۋەككۈلچىلىك قىلىدۇ. 1994- يىل 3- ئايدا، پوزۇر كىيىنىپ يۈرىدىغان يېقىن ئاغىنىسى ۋاڭ جېڭفېڭ بىلەن بىرگە ۋېنجۇغا كېلىپ ھەربىر گرام خروئىننى 75 يۈەن باهادا 350 گرام سېتىۋالىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە شياۋشىن قاتارلىق جايلارغا كۆپ قېتىم بېرىپ خروئىن سېتىۋېلىپ جىنخۇاغا قايتىپ 200 يۈەن، 300يۈەن، 800 يۈەندىن ئوخشاش بولمىغان باهادا ساتىدۇ. 1995- يىلى چاغانىنىڭ هارپىسىدا، خىروئىن جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، بەزى خۇمارى تۇتقانلار يىلىنىپ، يالۋۇرغاچقا خۇ گوخۇڭ قاتارلىقلار هەر بىر گرامنى 3000 يۈەن باهادا سېتىپ بېرىدۇ.

جىنخۇادىكى زەھەرلىك چېكىملىك بازىرىنى يىتىلدۈرۈش ئۈچۈن، خۇ گوخۇڭ شەھەردىكى بىر قىسىم ئوغۇل - قىزلارنى زەھەرلىك چېكىملىككە قىزىقتۇرۇپ بىكارغا چەكتۈرگەن، خۇمار قىلىپ قويغاندىن كېيىن باها قويۇپ سېتىپ زورلۇق بىلەن پايدىغا ئېرىشكەن.

بىر يىلدىن ئارتۇقراق ئالداش ئارقىلىق، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار كۆنسىرى كۆپەيگەن، زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش بوللىرى تەدرىجى شەكىللەنگەن. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بۇ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، سېتىش گۇرۇھى قانات - قۇيرۇقى يېتىلمەيلا ساقچى تەرەپتىن تامامەن قولغا چۈشۈرۈلگەن، زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنلەر بولسۇن ياكى ساتقانلار بولسۇن، ھەممىسى نۇرغۇن پۇلغا مۇھتاج. ئەشۇ پۇل ئۈچۈن ئاياللار ئىپپەت نومۇسىنى ساتقان، ئەرلەر ئوغرىلىق قىلغان، بۇلاڭچىلىق ھەتتا قاتىللىق قىلغان. بەزى چاغلاردا ئۇنداق قىلىشنى خالىمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتالماي قېلىپ بىر اقلا كاللا كېسىش سۇپىسىغا چىقىپ قالغان.

خۇ گوخۇڭ ئىقرار قىلىپ: ئوغرىلىق زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىدىن كەلگەن، دېگەن. ھەممىلا بەردە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغانلار بولغانلىقى ئۈچۈن، زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ كەتكەن، ناھايىتى كۆپ پۇل بولمىسا زەھەرلىك چېكىملىك تىجارىتى قىلغىلى بولمايتتى. بىر قېتىم خۇنەنلىكلەر بىلەن بولغان زەھەرلىك چېكىملىك تىجارىتىدە، خۇنەنلىكلەر ئۇنىڭغا بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزىدىغان بىر دانە مەخسۇس ئۈسكۈنە سېتىپ بەرگەن. ئۇ جىنخۇاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوغرىلىق تەجرىبىسى بار لۇجۇن بىلەن ئالاقىلىشىپ دېلو سادىر قىلغان. لۇجۇن باشلامچى بولغان، ئوغرىلىق قىلىش جەريانىدا بىخەتەر ئىشكاپنى كۆرگەن، قايتىپ بارغاندىن كېيىن خۇ گو خۇڭغا: ھېلىقى مەخسۇس ئۈسكۈننى ئېلىپ كەل، بىرلىكتە بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزۇپ ئوغرىلايمىز، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلغان. ساقچى تەرەپنىڭ ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا، ئىككىسى جىنخۇا شەھىرىدە ئون نەچچە قېتىم بىخەتەر ئىشكاپنى بۇزۇپ ئوغرىلىغان پۇل، مال - مۈلۈك، ئىناۋەتلىك قەرز چېكىنىڭ قىممىتى 60 مىڭ يۈەندىن ئاشقان.

7. خۇ گوخۇڭ قاتارلىق ئاساسلىق جىنايەتچىلەر تۇتۇلغان بولسىمۇ، ئەمما دېلو تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق، دېلونى يەنىمۇ چوڭقۇر قېزىپ ئىنچىكە تەكشۈرۈشكە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن سوئاللارنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ

زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ زىيىنىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، كىشىلەر بىرەر ئادەمنىڭ چۈشكۈنلىشىشىنى دائىم بەش زىياندىشقا باغلايدۇ، خۇ گوخۇڭ باشچىلىقىدىكى پەۋقۇلئاددە زور زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، سېتىش شايكىسىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، ئۇلار 12 زىياندىشقا تولۇق توشىدىكەن: بۇلار، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش، ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش، پاھىشۋازلىق، قىمارۋازلىق، ئوغرىلىق، لۈكچەكلىك قىلىش، شەھۋانى سىنئالغۇ تارقىتىش، باشقىلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى قانات ئاستىغا ئېلىش، تونۇشتۇرۇش ياكى سولاپ بېرىش، باشقىلارنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە ئازدۇرۇش، كۈشكۈرتۈش، ئالداش، باشقىلارغا زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشكە، سېتىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش.

ھازىر خۇ گوخۇڭ قاتارلىقلارنىڭ 17 قېتىم زەھەرلىك چېكىملىك ساتقانلىقى، جەمئىي 867.5 گرام خروئىننى 20 قېتىمدىن ئارتۇق ساتقانلىقى، ئىپپەت نومۇسنى سېتىش، پاھىشۋازلىقنىڭ 100 ئادەم قېتىمغا يېقىنلاشقانلىقى، شەھۋانى بويۇملارنى تۆت قېتىم تارقاتقانلىقى، 14 قېتىم ئوغرىلىق ۋە باشقا دېلولارنى سادىر قىلغانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان.

دېلوغا چېتىشلىق كىشىلەر ئوخشاشلا ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللار 28 نەپەر، ئەڭ چوڭى 38 ياش، ئەڭ كىچىكى 19ياشتا بولۇپ % 80تى ئىشسىزلار.

مەزكۇر جىنايەت ئۆتكۈزۈش شايكىسى جىنخۇادا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان جىنايەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماي، پۈتۈن ئۆلكىدىمۇ كەمدىن - كەم كۆرۈلگەن.

ئۇلار ئۆزىنىڭ ھاياتىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشى لازىم. ئەمما ئائىلە، جەمئىيەت يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئەڭ زور سەۋەبلىك — مائارىپ» دېگەن سۆزىنىڭ چوڭقۇر، رېئال ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىۋېلىشى لازىم.

— مەلۇم مېھمانخانىنىڭ ھۆسن تۈزەش ئورنى شەھەر رايونى بويىچە تېپىك ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالغان، مېھمانخانىدىكى خىزمەتچىلەر بۇ يەرنىڭ غەيرى جىنسىيكىلەر ئۇچرىشىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى، 8 ئايغا سوزۇلغان ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش مەزكۇر مېھمانخانىنىڭ ھەممە خوجىلىرىدا ئەۋج ئالغانلىقىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىلىدىكەن. ئەمما، بىرەر ئادەم ج خ ئورگىنىغا ئەھۋال مەلۇم قىلمىغان.

— مەزكۇر مېھمانخانىنىڭ ئەسلىھەلىرى ئالىي دەرىجىلىك بولۇپ، ئۆي ئىجارىسى ئىنتايىن يۇقىرىكەن، غەيرىي جىنسىيكىلەرنىڭ ئۇۋۇلىشىدىن ئارامىلىق تاپىدىغان ئەشۇ كىشىلەر خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىگىلىرى، خوجايىنلىرىدىن باشقا، ئالدىغا ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل ۋۇسكىسىنى ئېسىپ قويغان ھەشەمەتلىك پىكاپلارنىڭ ئىگىلىرىكەن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغانلار چىقماسمۇ؟

— زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر مەھەل چەككەندىن كېيىن زەھەرلىك چېكىملىك تۈگىگەندە ئۆزۈكچىلىك پەيدا بولغاچقا دوختۇرخانىغا بېرىپ دوھلى تەنجىسى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغان. دوختۇرخانىنى باشقۇرۇشتا قايسى تەرەپلەردىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ئەرزىيدۇ؟

نۆۋەتتە، دېلو پاش قىلىش گۇرۇپپىسىدىن يېڭى بىر خەۋەر تارقالدى: «چوڭقۇر قېزىش ئارقىلىق، مەزكۇر شايكىنىڭ ئەزالىرى 321گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار 36 نەپەر. بۇنىڭدىن باشقا، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق خۇ گوخۇڭ، ۋاڭ جېڭپىڭ، لۇجۇن قاتارلىق سەككىز جىنايەت گۇماندارى قولغا ئېلىندى». ئۇلار پات ئارىدا سوت مەھكىمىسىنىڭ جاۋابكارلار سۇپىسىدا رەھىمسىز ھۆكۈمنى كۈتىدۇۋالغۇسى!

ئەخمەت راخمان (ت)

## شىنجاڭ گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش نازارىتى (ئىدارىسى) ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، ج خ خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۇرۇمچىدىن بەرگەن خەۋىرى. يېقىندا، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە، ج خ (قوغداش)قا مەسئۇل رەھبەرلىرى، قوغداش بۆلۈملىرى باشلىقلىرىدىن بولۇپ 70تىن ئارتۇق كىشى ئىدارە ئورگىنىدا داغدۇغىلىق ھالدا خىزمەت يىغىنى ئاچتى. تۆت كۈن ئېچىلغان بۇ يىغىن ئىدارىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنى ۋە ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتقان، «ئىككىدە بۇرۇلۇش» خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كۈچەيتىلىۋاتقان، «ئىككىنچى قېتىم ئىگىلىك يارىتىش» قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان ۋەزىيەتتە ئېچىلدى. يىغىندا 1996- يىللىق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، ج خ خىزمىتى يەكۈنلەندى؛ 11 ئاساسىي قاتلام ئورۇن مەخسۇس تېمىدا تەجرىبە ئالماشتۇردى؛ ھەر تەرەپلىمە تۈزەش، ج خ خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 16 نەمۇنىلىك ئورۇن ۋە ئىلغار كوللېكتىپ، 25 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى. نازارەت (ئىدارە) پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى فېڭ جىشۇ مۇھىم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسى، ج خ نازارىتى، خەۋپسىزلىك نازارىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىيى ئاپتونوم رايونلۇق ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى، سىياسىي-قانۇن كومىتېتىغا ۋاكالىتەن گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى.

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي-قانۇن كومىتېتى «كومپيۇتېر، فوتو تېلېگراف ئۇچۇر ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى ئۆگىنىش كۇرسى»ئاچتى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۈرۈمچىدىن بەرگەن خەۋىرى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتى ئاچقان «كومپيۇتېر، فوتو تېلېگراف ئۇچۇر ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى كۇرسى» يېقىندا شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە رەسمىي دەرس باشلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتلىرىنىڭ ئۇچۇر خادىملىرى كۇرسقا قاتنىشىپ دەرس ئاڭلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرىدىن شەن يۈشىڭ، ئابلىز ھوشۇر مەكتەپكە كېلىپ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى. يولداش شەن يۈشىڭ سۆز قىلىپ، «نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا مەركەزلىك تۈزەش خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يېيىپ كەتتى، پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيى ئېچىلىدىغان ۋاقتىغا ئاز قالدى. ئاپتونوم رايونىمىز دۇچ كېلىۋاتقان مۇقىملىق خىزمىتى ۋەزىيىسى ئىنتايىن مۇشكۈل، سىياسىي - قانۇن خىزمىتىگە ئائىت ئۇچۇر خىزمىتى مۇقەررەر كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سىياسىي - قانۇن سىستېمىسىدا كومپيۇتېر، فوتو تېلېگراف ئالاقە تورى قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سىياسىي - قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى بۇ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى» دېدى. مۇئاۋىن شۇجى ئابلىز ھوشۇر كۇرسقا قاتناشقان كۇرسانتلاردىن كومپيۇتېر، فوتو تېلېگراف ئاپپاراتىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنى ئوبدان ئىگىلەشنى ھەم ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىق خىزمىتى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ سىياسىي -قانۇن ئۇچۇرلىرىنى توغرا، ۋاقتىدا، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلدى.

نۆۋەتتە، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ كومپيۇتېر، فوتو تېلېگراف ئاپپاراتلىرى سەپلىنىپ رەسمىي ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

## سانجى ئوبلاستى تومۇريولنى سۈيۈش، تومۇر يولنى ئاسراش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى

ژۇرنىلىمىزنىڭ سانجىدىن بەرگەن خەۋىرى. تومۇر يول بويىدىكى رايونلارنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، دۈشمەن ئۇنسۇرلار ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىنىڭ تومۇر يولدا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شىمالىي شىنجاڭ تومۇر يولىنىڭ راۋان قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يېقىندا سانجى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تومۇر يول ئاسراش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى بىلەن تومۇر يول بويىدىكى ناھىيە (شەھەر) لەر «تومۇر يولنى سۆيۈش، ئاسراش مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىمزالىدى.

مەسئۇلىيەتنامىدە ئالاقىدار تارماقلاردىن پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىرلىكتە تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇپ، «تۆتنى بىلىش»: (ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنى بىلىش، تومۇر يولنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئائىت ساۋاتلارنى بىلىش، ئۆز ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلىيەت لىنىيىسىنى- ئوچاستكىسىنى بىلىش، يول ئاسراش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى بىلىش)، بەش بولۇش: (ناھىيە،شەھەر) لەردە مەسئۇل رەھبەرلەر قوماندانلىق قىلغان رەھبەرلىك ماسلاشتۇرۇش ئورگىنى بولۇش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تۈزەش قوشۇنى بولۇش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە جىددىي ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسى بولۇش، تۆمۈر يول ۋە تۆمۈر يول بويىدىكى رايونلاردا ئامانلىق ئەھۋالىدىن ئىنكاس قايتۇرۇدىغان ئۇچۇر تورى بولۇش، زۆرۈر ماددىي كاپالەت بولۇش)، بەش بولماسلىق بولۇش: (تۆمۈر يول ئەسلىھەلىرى ئوغرىلانمىغان بولۇش، يۈكلەر ئوغرىلانمىغان بولۇش، پارتلاش ھادىسىسى يۈز بەرمىگەن بولۇش، بۇزغۇنچىلىق ھادىسىسى يۈز بەرمىگەن بولۇش، زور ئامانلىق ھادىسىسى يۈز بەرمىگەن بولۇش)نى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. تۆمۈر يولنى سۆيۈش، تۆمۈر يولنى ئاسراش مەسئۇلىيەتنامىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئەھۋالى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ باھالاش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە جازالاشقا ئائىت بەلگىلىمىلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

## بورتالادا مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسى مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى

ژۇرنىلىمىزنىڭ بورتالادىن بەرگەن خەۋىرى. يېقىندا، بورتالا شەھىرى ئاساسىي قاتلام پارتكومى ۋە باش ياچېيكىسىنى بىرلىك قىلىپ، 200 دىن ئارتۇق مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسى مەكتىپى قۇردى ھەمدە رەسمىي ۋىۋىسكا ئاستى.

بۇ مەكتەپلەرنىڭ تەشكىلىي مۇكەممەل، ئوقۇتۇش پىلانى تولۇق، كۇرسانتلار ئۆگىنىش مەزگىلىدە دۇنيا قاراش، كىشىلىك كۆز قاراش، قىممەت قارىشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىستىك كوللېكتىۋىزىملىق، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ئائىلە ئەخلاقى ۋە «3. بەشىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەزمۇنىنى ئۆگىنىپ بولۇشى كېرەككەن. بۇنىڭ مەقسىتى كۇرسانتلاردا ئۆگىنىشنى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەيدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ مەدەنىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز رايونىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىكەن.

## چاغانتوقاي ناھىيىسىدە جەمئىيەت ئەھۋالى ئۇچۇر تورى قۇرۇلدى

ژۇرنىلىمىزنىڭ چاغانتوقايدىن بەرگەن خەۋىرى. چاغانتوقاي ناھىيىلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى «مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش»نى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، يېقىندا ناھىيە بويىچە جەمئىيەت ئەھۋالى ئۇچۇر تورى قۇردى. ناھىيىدە مەركەز، يېزىلاردا گۇرۇپپا، كەنت، گۇرۇپپىلاردا ئۇچۇر خادىمى بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى ھەمدە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە تەدبىر بېكىتىپ، جەمئىيەت ئەھۋالى ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا توپلاپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ، دۈشمەن ھەرىكەت قىلغان ھامان بىلىپ بولۇش، ئاكتىپ ئالدىنى ئېلىش، تۈزەش، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتتى. ئەھۋال بولسا مەلۇم قىلمىغان ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى رەھبىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرگەندىن باشقا، يىل ئاخىرىدا ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە نومۇر تارتىش، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى يولغا قويدى.

## جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ژۇرنىلىمىزنىڭ غۇلجىدىن بەرگەن خەۋىرى. غۇلجا شەھەرلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى كۈچەيتىش، بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، «كىم باشقۇرۇۋاتقان بولسا شۇ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىغا ئەستايىدىل ئەمەل قىلىپ، بازار ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا، «مۇقىملىق ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دەيدىغان مۇستەھكەم ئىدىيىنى تىكلىدى.

سودا ـ سانائەت، بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى ئائىلىلىكلەر رايونى ۋە چوڭ بازارلاردا ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىلىرىنى قۇردى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە مەسئۇل خادىملارنى سەپلىدى. ئامانلىق ساقلاش بويىچە بىرلەشمە مۇداپىئە گۇرۇپپىلىرىنى تەسىس قىلدى. نۆۋەت بىلەن دىجورنىلىق قىلىشنى يولغا قويدى. خەلق ئەسكەرلىرى بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى قۇردى. قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى ۋە مەخسۇس تۈر بويىچە مەركەزلىك تۈزەشتە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر قىسىم جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايىتىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، بازار ئىگىلىكى تەرتىپىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشتى.

## چىرا ناھىيىسى مۇقىملىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى

ژۇرنىلىمىزنىڭ چىرادىن بەرگەن خەۋىرى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ئاساسەن، چىرا ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت تۆت تەرەپتىن مۇقىملىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك بىلەن تەشۋىقات سالمىقىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتتى.

بىرىنچى، دىجورنىلىق قىلىش بىلەن رەھبەرلەرنىڭ دىجورنىلىقكە بېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش. يۇلتۇز 12. ئايدىن بۇيان، چىرا ناھىيىسى ناھىيە بازىرىدىن تارتىپ يېزا ـ بازارلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن مۇقىملىق خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ھەرخىل مۇداپىئە تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتتى. ئىككىنچى، ئاساسىي قاتلام ئامانلىق بويىچە مۇداپىئە ئەترىتى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى شۆبە ئەترىتى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تۈزەشنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۈچىنچى، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بىلەن دىنىي زاتلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. چىرا ناھىيىسى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى مەسچىتلەر ۋە باشقا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى بىلەن بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. يامان ئادىتى بار بەزى تالىپلاردىن بەلگىلەنگەن رايوندىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدىلا نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تۆتىنچى، مۇقىملىق خىزمىتىگە بولغان تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتتى. «3. بەشىللىق» قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى ۋە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەشۋىقاتى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتكوم «ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلايلى» دېگەن تېمىدا تەشۋىقات ماتېرىيالى تۈزدى ھەمدە رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق كۆپ خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارغا تەشۋىق ـ تەربىيە ئېلىپ باردى.

**ھاشىمجان ئىسمايىل (ت)**

## ئاھانەت

مەھبۇس تۈرمىدە ئابالىدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا غەمگە پېتىپتۇ.

- ئېمىشقا خۇشال بولمايسەن، خەتكە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟ - دەپ سوراپتۇ يەنە بىر مەھبۇس ئۇنىڭدىن.

- ئابالىم خېتىدە ئوغلۇمنىڭ سىنىپ ئاتلىيالمىغانلىقىنى يېزىپتۇ. بۇ مەن ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئاھانەت ئەمەسمۇ؟ - دەپتۇ مەھبۇس.

ئاغزىڭىز بوغان ئىكەن

خېرىدار بىر ئاشپۇزۇلدا ماتتا يەپ قىيمىنى كۆرمەپتۇ - دە، مۇلازىمەتچى خانىمدىن:

- بۇ ماتتىنىڭ قىيمىسى يوقمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

مۇلازىمەتچى خانىم:

- قىيمىسى ئىچىدە بولمامدۇ، - دەپتۇ.

خېرىدار ماتتىدىن يەنە بىر دانە يەپ بولۇپ:

- قىيمىسىنى زادى كۆرمىدىمغۇ! - دەپتۇ.

مۇلازىمەتچى خانىم:

- سىزنىڭ ئاغزىڭىز بەك چوڭ ئىكەن، قورسىقىڭىزغا كىرىپ كېتىپتۇ، - دەپتۇ.

## ئۆگىنىش

بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەندىن كېيىن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئوغرىنى تونۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالدىراش ساقچىغا بېرىپ سوراپتۇ:

- ھېلىقى ئۆلگۈر ئوغرى قەيەردە؟

- ھە، نېمە قىلماقچىسىز؟ - دەپ سوراپتۇساقچى باشلىقى.

- مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى.

- نېمىشقا؟

- نېمە ئۈچۈن ئابالىم ئۇ كىرگەندە ئويغانماي، مەن زىبۇ - زىننەت بويۇملىرىنى تۇتامىلا ئويغىنىپ كېتىدۇ، شۇنى بىلىۋالاي دېگەنتىم.

## ئۆزىنى ئاقلاش

سوتچى جاۋابكاردىن سوراپتۇ:

- نېمىشقا كالتەك بىلەن ئادەم ئۇرىسەن؟

جاۋابكار ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىياپەتتە مۇنداق دەپتۇ: - بۇنى ئاسفالت يولدىن كۆرۈش كېرەك، سوتچى ئەپەندى!

- جۈيلۈمە!

جاۋابكار ئۆزىنى ئاقلاپتۇ:

- شۇنداق سوتچى ئەپەندى، ئاسفالت يولدىن بوغانىراق تاش تاپقىلى بولمىسا!

## ئون بەش مىنۇت بولغان

قاتناش ساقچىسى تېز كېتىۋاتقان پىكاپنى توسۇپ شوپۇرغا مۇنداق دەپتۇ:

- سىز قاتناش قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلدىڭىز، پىراۋىڭىزنى تاپشۇرۇڭ!

- مەن قايسى قائىدىگە خىلاپلىق قىپتىمەن؟

- سۈرئىتىڭىز بەلگىلىمىدىكىدىن ئېشىپ كەتتى!

شوپۇر قاتتىق كۈلۈپ، دەپتۇ:

- بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ مەن ماشىنا ھەيدىگىلى تېخى ئون بەش مىنۇت بولغان تۇرسا!

## ئۇلتۇرۇۋالاي

بارى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغاندا ساقچى كېلىپ قاپتۇ:

- ھەي، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشقا بولمايدۇ!

بارى جاۋابەن دەپتۇ:

- مۇنداق قائىدە بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن ئەپەندىم، كەچۈرۈڭ، ئەمسە ئولتۇرۇۋالاي!

## قايتىپ كەلدىم

بىر پېشقەدەم رازۋېدچىك ئىككى گۇماندارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپتۇ. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئۇ ئىدارىگە قايتىپ كېلىپ باشلىققا دوكلات قىپتۇ:

-باشلىق ئەپەندى، سىز ئىزىغا چۈشۈشۈمنى بۇيرۇغان ھېلىقى ئىككەيلەن كىنوخانىغا كىرىپ كەتتى.

- باخشى، كېيىنچۇ؟

- مەن كىنونى ئىلگىرى كۆرگەن بولغاچقا قايتىپ كەلدىم.

## ئاقلاشنى ئۆتۈنۈش

بىرەيلەن ئاناقلىق ئاقلىغۇچى ئادۋوكاتنىڭ ئىشخانىسىغا ئالدىراش كىرىپ دەپتۇ:

- ماڭا ۋاكالەتچىلىك قىلغان بولسىڭىز ئادۋوكات ئەپەندى. . .

- ماقۇل، ئەمما ھەققىنى قانداق تۆلەيسىز، نەق پۇلىڭىز بارمۇ؟

- يوق ئەپەندى، ئەمما مەندە بىر دانە ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن بىر ئالتۇن سائەت بار.

- باخشى، سىزگە ۋەكالەتچىلىك قىلاي، ئېيتىپ بېقىڭا، سىز توغرىلىق قانداق ئەرز بار؟

- مەن بىر دانە ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك بىلەن ئالتۇن سائەت ئوغرىلىغانىدىم!

## يەنىلا ھېلىقى مۈشۈك

ئىككى ئوغرىنىڭ بىرى دۆت، بىرى چېچەن ئىكەن. كېچىسى ئۇ بىر شىركەتنىڭ قورۇسىغا ئوغرىلىققا كىرىپ، بىخەتەر ئىشكاپنى ئاچقىچە بىر ئورۇندۇققا ئۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، خوجايىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

- كىم؟

چېچەن ئوغرى مۈشۈكنى دوراپ مياۋلاپتۇ.

خوجايىن خاتىرجەم بولۇپ يەنە ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كۆپ ئۆتمەي، ئوغرى بىر لوڭقىغا تېگىپ كېتىپتۇ، خوجايىن ئۈنۈملۈك سوراپتۇ:


- ئۇ يەردىكى قايسىڭ؟

دۆت ئوغرى جاۋاب بېرىپتۇ:


- خاتىرجەم بولۇڭ، يەنە ھېلىقى مۈشۈك!

ئابدىلىم (ت)

# چەتئەل ھەجۋى رەسىملىرىدىن تاللانما




↑ تىمىسىز




↑ پاراسەتلىك مۇخبىر



ئوۋ مىلتىقى ئالدىدا←



تىمىسىز ←





ئەسلەش←

↓ تىمىسىز



# شىمگو رايونى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەركىزى شەھەر رايونىنىڭ بىرسى

1991 - يىلدىن بۇيان، شىمگو رايونى ئاپتونوم رايون ۋە شەھەر بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتە ئۇدا ئالتە يىل ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. بۇ يىل، يەنە مەملىكەتلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ۋە كادىرلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 1993 - يىلدىن 1996 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشتىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىمگو رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «ئەمەلدار بولغان كىشى بىر تەرەپنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش»نى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەسئۇلىيىتى قىلىپ، ئاساسى قاتلاملاردا ئاساس يارىتىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى، ھازىر رايون، ئورۇن، مەھەللىدە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى (رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى)دىن 232سى، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشخانىسىدىن 116سى قۇرۇلدى، كەسپى، قوشۇمچە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كادىرىدىن 1037 سى تەسىس قىلىندى. ئۈچ دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمى قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالىدى، ئىمزا قويۇش نىسبىتى % 100كە يەتتى.


شىمگو رايونىدىكى بارلىق سىياسى - قانۇن كادىر - ساقچىلىرى جىنايەتكە زەربە بېرىشنىڭ تايانچ كۈچى بولۇش سۈپىتى بىلەن رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش خىزمىتىدە دىكتاتورا فۇنكسىيىسىنىڭ رولىنى باشتىن - ئاياق تولۇق جارى قىلدۇرماقتا، «3 - بەشىيىللىق»قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆگىنىشىدە، رايون بويىچە 23 قانۇننى ئۆگىنىشكە قاتنىشىش نىسبىتى % 95كە يەتتى.

ئۈچ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى شەھەر بۇيىچە ئالدى بىلەن ئارمىيە. ساقچى - خەلق بىرلەشمە چارلاش ئەترىتى تەشكىللىدى. ھازىر رايون بويىچە جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش ئورنى ئاساسى جەھەتتىن شەكىللەندى، جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۇدا بەتتە يىل تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، 1996 - يىلى جىنايى ئىشلار دېلوسى يۈز بېرىش نىسبىتى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ % 68 .1تىنلا ئىگىلىدى.







# شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى



شىنجاڭدا بىرىنچى بولۇپ پىۋا ئىشلەپچىقارغان شىنجاڭ پىۋا زاۋۇتى - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان، كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان پىۋا ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانا.

شىنجاڭ پىۋىسى تەڭرىتېغىنىڭ ساپ مۇز، قار سۈيى، يەرلىك ئالىي سۈپەتلىك بۇغداي ۋە پىۋا گۈلىنى ئىشلىتىپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. پىۋا سۈيۇقلۇقى سۈزۈك، كۆپۈكى كۆپ ھەم ئاق، كۆپۈكى ئاسان تىنىۋالمايدۇ. تەمى ساپ بولۇپ، خاس پۇراققا ئىگە. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك سۈپەت باھالاشلاردا كۆپ قېتىم «مەملىكەتلىك پىۋا كەسپىدىكى ئالىي سۈپەتلىك مەھسۇلات»، «مەملىكەتلىك داڭلىق مەھسۇلات»، شىنجاڭدىكى تۇنجى تۈر كۆمىدىكى «داڭلىق مەھسۇلات»، «خەلقئارالىق ئالتۇن مېدال» قاتارلىق چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ، شىنجاڭ «خەلق سارىيى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان بىردىن - بىر پىۋا» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، جاھانغا تونۇلۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يۇقىرى ئىناۋەتكە ئېرىشتى.

شىنجاڭ پىۋىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا سېتىلىپ، بازار ئىگىلەش نىسبىتى شىنجاڭدا ئىزچىل بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىسمەن مەھسۇلاتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى شەھەرلەردە سېتىلماقتا ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تۈركۈملەپ ئېكسپورت قىلىنماقتا.

زاۋۇت باشلىقى: شەنچى (ئاپتونوم رايونلۇق مۇنەۋۋەر ياش كارخانىچى)

## شىنجاڭ پىۋىسىنى ئىچسىڭىز، ھەرتەرەپتىن دوست تۇتالايسىز






... 122 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830049
... تېلېفون نومۇرى: 2864143 (0991)